



# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

# المسلم الصيني


3


1988

1. باش شۇجى جاۋ زىياڭ جۇەنجۇ مەسچىتىنى كۆزدىن كەچۈرمەكتە.

2. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى مۇدىرلار (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنى ئۆتكۈزدى، مۇدىر شېن شياشى خىزمەت دوكلاتى بەرمەكتە.

3. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى مۇدىرلىرى (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىغا قاتناشقان يولداشلار بىللە سۈرەتكە چۈشتى.





1

3 | 2



# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

(پەسىللىك ژۇرنال)

**3**

1988 - يىل

(ئومۇمىي 32 - سان)


## مۇندەرىجە


ئىلىم ۋە ئەمەلنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى ........ ئابدۇللا ئۆمەرنەسفى ( 3 )

نامازنىڭ پايدىسى ........ سەي شىڭفا ( 9 )

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزدى ........ ( 13 )

قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز ........ نۇرمان. ماشىيەن ( 14 )

قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا باش ئەلچى مۇھەممەت مۇختارنىڭ سۆزلىگەن سۆزى ........ ( 15 )

پەلەستىن خەلقىنىڭ كۈرىشىنىڭ يېڭى دولقۇنى ........ سۇكۇن ( 16 )

ۋەز — ئىسلام دىنى ۋە كىشىلىك تۇرمۇش ........ باۋچېڭلى ( 20 )

پېڭياڭ ناھىيىسىدىكى ئاخۇنلار مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ بەردى ........ ئەنۋانۇر ( 25 )

بىزنىڭ غەمگۇزار ئاخۇنىمىز — ما باۋشياڭ ........ مافۇشياڭ ( 27 )

ئەستايىدىللىق، مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە قىزغىنلىق بىلەن ئىشلەيدىغان ئاخۇن ........ ( 29 )

شۇنخۇا، خۇالۇڭ ناھىيىلىرىدە ئاخۇنلاردىن ئىمتىھان ئېلىندى ........ ماۋېيجۇڭ ( 33 )

قىممەتلىكى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىلىشتە ........ يۇسۇف.مالىچياڭ ( 34 )

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

چاسۇچى مەسچىتىدە بولغان خۇشاللىنارلىق ئۆزگىرىشلەر ........................ جىبىڭ يۇگۇاڭ ( 37 )
ھەج ـ تاۋاپ داۋامىدىكى ساقلىقنى ساقلاش ۋە داۋالاش خىزمىتى ھەققىدە...... جىن خۇيمىڭ ( 39 )
جۇڭگو ئىسلام شۆيۈەنى 88 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىنى
ئۆتكۈزدى .................................................................... ( 41 )
تەيۋەنلىك قېرىنداشلارغا بولغان مۇھەببەت ........................ ئەن بىنياۋ ( 43 )
ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ پائالىيىتى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر ............................ ( 44 )
ئىككى مۇھىم خەلقئارا ئىسلام يىغىنى ................................ ماشەنيى ( 48 )
جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئەبۇ جىھادقا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈردى .................. ياڭ جىبو ( 53 )
شىنجاڭدا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىسلام دىنى تەتقىقاتىغا دائىر ئىشلەنگەن بەزى
خىزمەتلەر................................................................ جۇنەيد ئەبەكرى ( 54 )
بېيىش يولىدا نەمۇنىلىك رول ئوينايدىغان دىنىي زات مۇھەممەت قارى ھاجىم
.................................................................... ئابدۇللا تۇرسۇن ( 61 )
نامراتلار قەلبىنى خۇشاللىققا چۆمدۈرگەن ئىش ............ ئابدۇرەھىم زاھىدى، ئەركىن پالتا ( 63 )
چىڭخەي ئۆلكىسى خۇالۇڭ خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى چۇنكو مەسچىتىنىڭ مۇنارى
(مۇقاۋىدا)

☆ 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى نەشردىن چىقتى ☆

# ئىلىم ۋە ئەمەلىنىڭ* ئىسلام دىنىدىكى ئورنى

**ئابدۇللا ئۆمەر نەسفى**

ئىلاۋە: 1987 ـ يىل 12 ـ ئايدا ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقى بېيجىڭدا ئىسلام دىنى توغرىسىدىكى تەشۋىقات ۋە مۇھاكىمە يىغىنىنى چاقىرغانىدى. يىغىندا ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقىنىڭ باش كاتىپى ئابدۇللا ئۆمەر نەسفى «ئىلىم ۋە ئەمەلنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى» ماۋزۇلۇق ئىلمىي ماقالىسىنى ئوقۇپ ئۆتتى. بۇ ماقالىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئېلىنغان خاتىرىگە ئاساسەن رەتلەپ ۋە تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلدۇق.

ئەلھەمدۇلىللاھ، ئاللا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەتكە ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتى ھەم ساھابىلىرىگە بەخت ۋە تېنچلىق ئاتا قىلسۇن!

ئۇلۇغ ئاللا ئىنسانلارنى يەر يۈزىدە مېنىڭ ۋاكالەتچىم بولسۇن، مېنىڭ دىنىمنى دەۋەت قىلسۇن، تېنچلىق ۋە باياشاتلىقنى ئىشقا ئاشۇرسۇن دەپ ياراتتى؛ ئاللا ئىنسانلارغا ئاخىرەتلىك ئۈچۈن بۇ دۇنيالىق تۇرمۇشىدا ئەمەل قىلىدىغان يولنى كۆرسىتىپ بەردى. ئاللا مۇنداق دەيدۇ: "جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم." (51 ـ سۈرە، 56 ـ ئايەت) ھەقتەئالا مۇشۇ يولنىڭ يېتەكچىلىكىدە ماڭا ئىبادەت قىلسۇن دەپ، ئىنسانلارنى ھەرىكەت قىلالايدىغان ۋە جىم تۇرالايدىغان قىلىپ ياراتتى، ئىسلامنى روھ بىلەن بەدەن ئوتتۇرىسىدىكى ھەقىقىي تەڭپۇڭلۇقنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان قىلدى: روھ بەدەنگە زىيان يەتكۈزمەيدۇ، بەدەن روھقا زىيان يەتكۈزمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسلام دىنىنىڭ ۋەزىپىسى، بىرىنچىدىن، ئىلىم تەھسىل قىلىش، ئىككىنچىدىن، ئەمەللەرنى بىجا كەلتۈرۈشتۇر.

ئىلىم ئاللاتائالاغا ۋە غەيبكە ئىشىنىشنىڭ ئاساسى. ئاللاتائالا مۇنداق دەيدۇ: "بىلگىنكى، ئاللادىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، گۇناھىڭ ئۈچۈن، ئەر ـ ئايال مۆمىنلەر ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن." (47 ـ سۈرە، 19 ـ ئايەت) يەنە مۇنداق دەيدۇ: "ئاللا ئادالەتنى بەرپا قىلغان ھالدا گۇۋاھلىق بەردىكى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، پەرىشتىلەرمۇ، ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ شۇنداق گۇۋاھلىق بەردى." (3 ـ سۈرە، 18 ـ ئايەت) بۇ يەردە ئېيتىلغان "ئىلىم" دېگەن سۆز "ئىمان" دېگەن سۆز بىلەن مەنىداش، چۈنكى ئىلىم دىلدىكى ئىماننى مۇستەھكەملەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئۇلۇغ ئاللا ئىلىمنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: "مېھرىبان ئاللا قۇرئاننى تەلىم بەردى، ئىنساننى ياراتتى، ئۇنىڭغا سۆزلەشنى ئۆگەتتى." (55 ـ سۈرە، 1 ــ 4 ـ ئايەتلەر) بۇ يەردە ئاللا ئىلىمنى ئىنساننى يارىتىشنىڭ ئالدىغا قويغان. يەنە بىر مىسال: ئاللا ـ تائالا تۇنجى قېتىم چۈشۈرگەن ئايەتنى مۇنداق دەپ باشلىغان: "ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن." (96 ـ سۈرە، 1 ـ ئايەت) چۈنكى، ئوقۇش ئىلىم خەزىنىسىنىڭ ئاچقۇچى

---

* ئەمەل ــ دىندا كۆرسىتىلگەن قىلىشقا تېگىشلىك ھەرىكەت ۋە ئىشلار. ــ ت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھېسابلىنىدۇ. جانابىي ئاللا قەلەم بىلەن قەسەم قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "نۇن. قەلەم بىلەن ۋە ئۇلار يازغان نەرسىلەر بىلەن قەسەمكى..." (68 ـ سۈرە، 1 ـ ئايەت) يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئايەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئىلىمنىڭ مۆمىنلەرنىڭ ھاياتىدىكى كەم بولسا بولمايدىغان ئاساسىي نەرسە ئىكەنلىكى، ئىلىمنىڭ كىشىلەرگە ئۆز ھاياتىدا ئەمەل قىلىدىغان يولنى كۆرسىتىپ بېرىدىغانلىقى تەكىتلەنگەن. ئاللانىڭ ئالىمنى ئىبادەت قىلغۇچىنىڭ ئۈستىگە قويۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئالىم ھەرقانداق زامان ۋە ھەرقانداق ماكاندا ئۆزىنىڭ ئىلمى ئارقىلىق ئىنسانلارغا پايدا يەتكۈزىدۇ.

ئاللاتائالا مەسچىتتە ئىلىم تەھسىل قىلىشقا ئېتىبار بىلەن قارايدىغان ئادەمگە مەدھىيە ئوقۇيدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "ئاللانىڭ ئۆيى بولغان مەسچىتكە جەم بولۇپ، ئاللانىڭ كىتابىنى ئوقۇغان ۋە ئۆگەنگەن كىشىلەر جەزمەن ئاللانىڭ رەھمىتىگە ۋە پەرىشتىلەرنىڭ ھىمايىسىگە مۇيەسسەر بولىدۇ."

ئاللا ئىلىم تەلەپ قىلىشنى ھەر بىر ئەر-ئايال مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرز قىلىپ بېكىتكەن، بۇ ئۇقتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ "ئىلىم يىراق جۇڭگودا بولسىمۇ بېرىپ تەھسىل قىلىڭلار" دېگەن مەشھۇر ھەدىسىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بۇ ھەدىس ئىلىمنىڭ قانداق ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى ۋە ئىلىمگە ئىسلام دىنىنىڭ قانداق ئېتىبار بېرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىزمۇ بۇ قېتىم بۇ يەرگە ئىلىم ئۆگىنىش، ئىلىم ئالماشتۇرۇش ۋە ئالىملار بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن كەلدۇق. ئىلىم ئىماننىڭ ئاساسى، ئۇ ھەر بىر ئەر-ئايال مۇسۇلمان ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈر. تۆۋەندە ئەمەل مەسىلىسى ئۈستىدە توختىلىمەن.

جانابىي ئاللا مۇنداق دەيدۇ: "(پۈتۈن ئاسمان-زېمىننىڭ) پادىشاھلىقى ئىلكىدە بولغان ئاللانىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر. ئاللا ھەر نەرسىگە قادىردۇر. سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، ئاللا ئۆلۈمنى ۋە تىرىكلىكنى ياراتتى." (67 ـ سۈرە، 1 ــ 2 ـ ئايەتلەر) مۇستەھكەم ۋە ھەقىقىي ئىمان ئەمەل ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. چۈنكى، ئاللانىڭ ئەلچىسى: "ئىماننىڭ يىلتىزى دىلدا بولىدۇ، ئۇ ئەمەل (ھەرىكەت) ئارقىلىق ئىسپاتلىنىدۇ" دېگەن. مانا بۇ ــ ئىسلام دىنىنى باشقا دىنلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان پەرق. ئىسلام دىنى ــ جىمى پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنى؛ ئاللاتائالا ئىنسانلار ئۈچۈن ۋە زېمىندىكى مەۋجۇداتنىڭ ئۆگىنىشى ئۈچۈن تاللىغان دىن؛ ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغىچە بولغان پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى دەۋەت قىلغان دىن. ئەگەر ئەمەل ئىنسانلار تەھسىل قىلغان ئىلىمنىڭ ۋە بىز كەلتۈرگەن ئىماننىڭ ئىپادىسى بولىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، ئۇ دىننىي پەرزلەر، كىشىلىك مۇناسىۋەت، ئەخلاق-پەزىلەت ۋە تۇرمۇشتىكى ھەرىكەتلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىشى كېرەك.

ئىسلام دىنى، ئىمان دېگەن دىلدىلا بولىدۇ، ئۆزىنىڭ ئىمانى ۋە نىيىتىنى ئاشكارا قىلغان كىشىگە ئاللا ئاخىرەتتە جەننەتتىن ئورۇن بېرىدۇ، دەيدىغان قاراشقا رەددىيە بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇنداق قاراشقا رەددىيە بېرىپ: "ئەگەر ئۇلار ياخشى ئىش قىلماقچى بولسا، ئۇ ھالدا، ياخشى ئىش ئەمەلدۇر" دېگەن. بۇنىڭدىن بىز شۇنى بىلدۇقكى، ئىسلام دىنىنىڭ

ئەركانلىرى ئەمەلدە ئىپادىلىنىشى كېرەك.

"بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ ئەلچىسى ۋە بەرھەق پەيغەمبىرىدۇر" دېگەن بۇ شاھادەت ئىنسانلاردىن بۇنىڭ مەزمۇنىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى، ئۆزىنىڭ ھاياتىدا ئەمەللەرنى تىرىشىپ بىجا كەلتۈرۈشنى، "بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ ئەلچىسى ۋە بەرھەق پەيغەمبىرى" ئىكەنلىكىنى پۈتۈن ئۆمرىدە ئېسىدىن چىقارماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەممىگە قادىر ئاللا تەلىم بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: "شۈبھىسىزكى، 'پەرۋەردىگارىمىز ئاللادۇر' دېگەنلەر، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا پەرىشتىلەر چۈشۈپ: 'قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت ئۈچۈن خۇشال بولۇڭلار...' دەيدۇ." (41 ـ سۈرە، 30 ـ ئايەت) دېمەك، ئىمان دېگەن ئاللانىڭ يولىدا مۇستەھكەم تۇرۇش ۋە تۇرمۇشتا شۇ يولدىن چەتنىمەي مېڭىش دېگەنلىكتۇر.

نامازنىمۇ تەلەپ قىلىنغان ئۇسۇل ۋە قائىدە بويىچە، «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپتە كۆرسىتىلگەن ۋاقىت ئىچىدە ئادا قىلىش لازىم. ئىسلام دىنى نامازنىڭ باشقا دىنلاردىكىدەك ئەمەلسىز، رىيازەتسىز بولغان ۋە ھەرىكەتتە كۆرسىتىلمەيدىغان بىر خىل ئىبادەت، ئېغىزدىلا توختاپ قالىدىغان چاقىرىق بولۇشى بىلەن كېپىيلەنمەيدۇ. بۇ ھەقتىكى ئايەت ۋە ھەدىسلەر ئىنتايىن كۆپ. مەسىلەن، ئاللاتائالا مۇنداق دەيدۇ: "نامازنى (تەئدىل ئەركان بىلەن) ئوقۇغىن، ناماز ھەقىقەتەن قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ"؛ (29 ـ سۈرە، 45 ـ ئايەت) يەنە مۇنداق دەيدۇ: "شۈبھىسىزكى، ناماز مۆمىنلەرگە ۋاقتى بەلگىلەنگەن پەرز قىلىندى"؛ (4 ـ سۈرە، 103 ـ ئايەت) "مېنى زىكرى قىلىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن". (20 ـ سۈرە، 14 ـ ئايەت) يۇقىرىقى ئايەتلەر شۇنى كۆرسىتىدۇكى، نامازنى تىرىشچانلىق بىلەن ۋە ئۆز ئەركانى بىلەن ئادا قىلىش لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن نامازنىڭ ھەقىقىي ئەھمىيىتىنى گەۋدىلەندۈرگىلى ھەمدە شۇ ئارقىلىق مۇسۇلمانلار ياشاۋاتقان جەمئىيەتتە ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ قالاقلىقتا قېلىشى، بۆلۈنۈپ كېتىشى، قىيىنچىلىق ۋە بالايى-ئاپەتتىن قۇتۇلالماسلىقىدىكى مۇھىم سەۋەبلەردىن بىرى نامازغا سۇسلۇق قىلىش، يەنى نامازنى تەرك ئېتىش ياكى نامازنىڭ ۋاقتىغا رىئايە قىلماسلىق ياكى نامازنى ئۆز ئەركانى ۋە ئېھتىرام بىلەن ئوقۇماسلىق ۋە ياكى نامازنى كۆڭۈل ئاچىدىغان ئىش قىلىۋېلىشتۇر.

زاكات توغرىسىدا، ئاللاتائالا مۇنداق دەيدۇ: "ئۇلار زاكات بەرگۈچىلەردۇر." (23 ـ سۈرە، 4 ـ ئايەت) بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، مۇسۇلمان ئۆز ھاياتىدا تىرىشچان، تۆھپىكار، تەرەققىيپەرۋەر ۋە ئەمەلىيەتچىل بولۇشى كېرەك، شۇنىڭدىن كېيىن، ھەم ئەمەلىي پايدىغا، ھەم زاكات بېرىلگەندىن كېيىنكى مالدىن بەھرىمەن بولۇشقا مۇۋەپپەق بولالايدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىنسانلار مەنپەئىتى يولىدىكى ئىقتىسادىي پائالىيىتى ئاللا خالىغان ئۇسۇل بىلەن، تىرىشچانلىق، ئىخلاسمەنلىك كۆرسىتىش ھەتتا ئۆزىنىڭ ۋاقتى ۋە ھاياتىنى قۇربان قىلىش ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ. شۇنداق بىر كۈن كېلىدۇكى، كىشىلەر ئازراق زاكات بېرەي دېسىمۇ، بېرىدىغان بىرنەرسە تاپالمايدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە بىز شۇنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرمەكتىمىزكى، نۇرغۇنلىغان ئىسلام مەملى-

www.uyghurkitap.com

كەتلىرىدە ئىجتىمائىي نامراتلىق ۋە قالاقلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا، كىشىلەر تۇرمۇشى ئىسلام دىنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مۇھتاج بولماقتا؛ ئۇلار "بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ ئەلچىسى ۋە بەرھەق پەيغەمبىرىدۇر" دېگەن شاھادەتكە قاتتىق ئەمەل قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنىدىكى مەجبۇرىيەت ۋە ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلىدۇ؛ يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇلار نامازنى ئۆز ۋاقتىدا ۋە ئىخلاس بىلەن ئوقۇيدۇ، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ھاياتنىڭ ھەممە ساھەسىدە تىرىشىپ ئىشلەيدۇ. مۇسۇلمانلار ئاللا كۆرسەتكەن يولدا ماڭغاندىلا، ئاندىن ئۆزىنىڭ شان-شەرىپى ۋە ئىززەت-ھۆرمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدۇ، ئاندىن مەدەنىيەتنىڭ ئارغامچىسىنى يېڭىباشتىن قولغا ئالالايدۇ. ئاللاتائالا مۇنداق دەيدۇ: "كىمكى ئىسلام دىنىدىن غەيرىي دىنىنى تىلەيدىكەن، ئۇ (يەنى ئۇنىڭ دىنى) قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىدۇر." (3-سۈرە، 85-ئايەت) يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇ ئايەتتە دېيىلگەن "ئىسلام" دېگەن سۆز ئىسلام دىنىدا كۆرسىتىلگەن يول بىلەن ئەمەلنى كۆرسىتىدۇ.

رامىزان — تىرىشچانلىق تەلەپ قىلىدىغان دىنىي پەرز بولۇپ، ئاللاغا ئىشەنگەنلىكنى ۋە ئۇنىڭ ئەمرىنى بىجا كەلتۈرگەنلىكنى، ئاللاغا بولغان كۈچلۈك ئىخلاسمەنلىكنى ۋە ئاللانىڭ ياخشى كۆرگىنىنى تەلەپ قىلغانلىقنى بىلدۈرىدۇ، چۈنكى تىرىشچانلىق بىلەن قىلغان ئەمەل ماختاشقا ئەرزىيدۇ. ھېچ كىشىنىڭ ھەيدەكچىلىكى بولمىغان ئەھۋالدىمۇ، مۇسۇلمانلار دىنىي پەرزلەرنى ئىخلاسمەنلىك ۋە تىرىشچانلىق بىلەن ئورۇنلىيالايدۇ، ھەتتا شىمالىي سكاندىناۋىيە قاتارلىق رايونلاردا ياشاۋاتقان مۇسۇلمانلار ئۇ يەرلەردە كۈندۈزنىڭ ياكى كېچىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىغا قارىماي، رامىزان روزىسىنى تۇتۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە، غەرب بىلەن شەرقنىڭ نۇرغۇن ئالىملىرى ۋە باشقا كىشىلەر بۇنىڭدىن بەكمۇ ھەيران بولماقتا.

ھەجمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. شۇنىڭدا شەك يوقكى، مۇسۇلمان ئۇچۇن ئېيتقاندا، ھەج ئۇنىڭ ئۆز ئۆمرىدە ئۆزى قىلىشقا تېگىشلىك سەپەر ھېسابلىنىدۇ. ھەج ۋاقتىدا مۇقەددەس جايلار ئارىسىدا قاتراپ يۈرۈشكە، تۈرلۈك دىنىي پەرزلەرنى ئادا قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، بۇ — ئىنتايىن مۇشەققەتلىك ۋە جاپالىق ئىش. جۇڭگودىن ھەجگە بارغان قېرىنداشلار ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ سەپەرگە ئاتلىنىپ، يەنە ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگىچە بولغان ئارىلىقتا بۇ ئىشنىڭ قانداق مۇشەققەتلىك ۋە جاپالىق ئىكەنلىكىنى بىۋاستە ھېس قىلدى.

ھاياتلىق تۈزۈمىنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇنداق بولىدۇ. ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ھاياتلىق تۈزۈملىرىنى تۈزۈپ بەردى. ئىقتىسادىي تۈزۈم، ئىجتىمائىي تۈزۈم، مائارىپ تۈزۈمى ۋە باشقا تۈزۈملەر كىشىلەردىن ئاللاتائالاغا چىن كۆڭلىدىن ئىمان ئېيتىشنى، پايدىلىق بىلىملەرنى ئۆگىنىشنى ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشنى ھەمدە ئۇنى تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە بىجا كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، ئاللانىڭ ئىنسانلار مېنىڭ يەر يۈزىدىكى ۋاكالەتچىم بولسۇن دېگىنىنىڭ ئەھمىيىتى بولمايدۇ. ئەمەل يۇقىرىدا بايان قىلىنغان چۈشەنچىگە ئىگە بولسا، يەنى ئىلىم بىلەن ئىمان كونكرېت ئەمەلىيەتتە تەتبىق قىلىنسا، ئۇ ھالدا، ئىنسانلار بۇ دۇنيادىمۇ، ئۇ دۇنيادىمۇ بەخت-سائادەتكە ئېرىشىدۇ.

ئاللانىڭ ئىلتىپاتلىرىدىن بىرى ئۇ كۆرسەتكەن يولنى تۇرمۇشتا تەتبىق قىلىشقا بولىدىغانلىقىدۇر. ئۇزاق بىر تارىخىي مەزگىل ئىچىدە مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ قولىغا كەلتۈرگەن نەتىجە ۋە مەنپەئەتلىرىنى كۆرگەن؛ تارىخ ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئاللا كۆرسەتكەن يولدا تىكلىنىپ، ھەقىقىي بىلىم ۋە مۇكەممەل ئىمان شۇنىڭدەك ئەمەللەرنى ئادا قىلىش ئارقىلىق تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئىسپاتلىغان. شۇ زامانلاردىكى كىشىلەر نېمە دېگەن بەختلىك ئىدى-ھە!

شۇنىڭغا ئوخشاشلا، بىز تارىخنى ئوقۇغان چېغىمىزدا شۇنى بايقايمىزكى، مۇسۇلمانلار ئىسلام دىنىغا، ئاللانىڭ يولىغا، ئاللانىڭ شەرىئىتىگە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىگە ئەمەل قىلغاندىلا ھەقىقىي خوجايىنىغا ئايلىنالايدۇ، ئىززەت-ھۆرمەتكە ئىگە بولىدۇ. ئۇلار ھەرقانداق چاغدا ۋە ھەرقانداق يەردە ئاللانىڭ مۇشۇ يولىدىن چىقىپ كەتسە، تۈرلۈك قىيىنچىلىق، قاتمۇ قات بالايى-ئاپەتلەرگە دۇچار بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى باشقۇرالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

ئۆتكەن 50 يىلدىن 100 يىلغىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە بىزنىڭ ئەمەلىيىتىمىز شۇنىڭدىن ئىبارەت بولدىكى، ئىسلامىيەتكە يات يوللارنى سىناق قىلىش نەتىجىسىدە، مۇسۇلمانلار مەدەنىيەتتە ئارقىدا قېلىپ، گۇمران بولۇشقا يېقىنلىشىپ قالدى، ئاللا ئاتا قىلغان، ئۆزلىرىنى جۇش ئۇرۇپ گۈللىنىشكە ۋە ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنى يوقىتىپ قويدى. شۇڭا، مەدەنىيەتنىڭ تىزگىنىنى قولغا ئېلىپ، مۇسۇلمانلار ۋە غەيرىي مۇسۇلمانلارنى — پۈتۈن ئىنسانىيەتنى بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئاللا كۆرسەتكەن يولدا ئۆزلىرىنى يۈكسەلدۈرۈپ، ئىمانىنىڭ ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان كۈچىنى يېڭىباشتىن قولغا كەلتۈرۈشى زۆرۈر بولۇپ قالدى.

يەنە بىر نۇقتا شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئىسلام دىنى قول ئەمگىكىنى ۋە ئۇنىڭدا كۆرسىتىلگەن تىرىشچانلىقنى قەدىرلەيدۇ. جانابىي ئاللا قول ئەمگىكىنى مەدھىلەيدۇ، پەيغەمبىرىمىزمۇ قول ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىشنى تەشەببۇس قىلىپ: "كىمكى ئاچ قالغان بولسا، تۇرمۇش مەئىشىتىنى قامداش ئۈچۈن تىرىشىپ ئەمگەك قىلسۇن" دېگەن. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىسلام دىنى ئەمگەكچىگە ھۆرمەت قىلىدۇ، ئۆزىنىڭ مەئىشىتى ئۈچۈن تىرىشىپ ئەمگەك قىلغان ئادەمنى مەدھىلەيدۇ ۋە ئۇنى جەمئىيەتتە تېگىشلىك مەرتىۋىگە ئىگە قىلىدۇ. ئەكسىچە، ئەمگەك قىلماي ھالاۋەت كۆرمەكچى بولۇپ رەھىم-شەپقەت تىلەپ قىلىدىغانلارنى ئەيىبلەيدۇ. چۈنكى بۇنداق ئادەم جەمئىيەتتە ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا چېپىپ يۈرۈپ، جەمئىيەتنىڭ ئىللىتى بولۇپ قالىدۇ. بۇ يەردە مۇنداق بىر مەشھۇر رىۋايەت بار:

بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ سەدىقە تەلەپ قىلدى، رەسۇلۇللا ئۇ ئادەمگە بېشىدىن ئايىغىچە بىر قۇر قاراپ چىقىپ، ئۇنىڭ ساغلام، قابىل، ئەمگەك قىلىشقا قادىر ئىكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، بىر پالتا ۋە بىر ئارغامچا سېتىۋېلىپ كېلىپ ئۇ ئادەمگە بەردى ۋە: سەن بېرىپ ئوتۇن كەسكىن، دېدى. يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا، كىشىلەردىن نەرسە تىلىمەي، ئوتۇن كېسىپ سېتىپ تۇرمۇشۇڭنى قامدا، دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئادەم ئوتۇن كېسىپ سېتىپ، ئۆزىنىڭ تەر تۆكۈپ قىلغان ئەمگىكى بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈشكە

www.uyghurkitap.com

باشلىدى. بۇ ھېكايە ئىسلام دىنىنىڭ كىشىلەردىن تىلەمچىلىك قىلىشنى ئەمەس، بەلكى تىرىشىپ ئەمگەك قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

رەسۇلۇللا بىر ئادەمنىڭ ئەمگەك قىلىپ قاپىرىپ كەتكەن قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: "مانا بۇ ئاللانىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ئۆز تۇرمۇشى ئۈچۈن تىرىشىپ ئەمگەك قىلغان ئادەمنىڭ قولىدۇر" دېگەن. رەسۇلۇللا يەنە: "سىلەردىن بىرىڭلار بىر تال خورما دەرىخىنىڭ كۆچىتىنى تىكمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، قىيامەت كۈنى كېلىپ قالسىمۇ ئۇنى تىكىۋەتسۇن" دېگەن. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى شۇكى، بىرەر كىشى بىر تال كۆچەتنى ئېلىپ تىكىشكە تەمشىلىۋاتقاندا تۇيۇقسىزلا قىيامەت بولۇپ قالسا، ئۇ ئادەم بۇنى بىلگەن ئەھۋالدىمۇ ئەمگەكتىن توختاپ قالماي، كۆچەتنى تىكىۋېرىشى لازىم. يۇقىرىقى مىساللار شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، ئىسلام دىنى جەمئىيەتنىڭ ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتى، بىلىم جەمئىيىتى بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى، جانابىي ئاللا ئۆزىنىڭ قۇدرىتى بىلەن، جەمئىيەتنى تاكامۇل جەمئىيەت قىلىپ ياراتقان ھەمدە ئىنسانلارنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى پۈتۈن جەمئىيەتكە چېچىۋەتكەن. ئاللاتائالا مۇنداق دەيدۇ: "ئاللا سىلەرنى (ئۆتكەنكى ئۇممەتلەرنىڭ) ئورۇنباسارلىرى قىلدى، ئاللا سىلەرنى بەرگەن نېمىتىگە شۈكرى قىلسۇن دەپ، بەزىڭلارنى بەزىڭلاردىن بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى قىلدى". (6-سۈرە، 166-ئايەت) بۇ ھەرگىزمۇ جەمئىيەتتىكى سىنىپلار ئوتتۇرىسىدا يۇقىرى-تۆۋەنلىك پەرقى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ. چۈنكى، جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى باپباراۋەر. پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن: جەمئىيەت "تارغاقنىڭ چىشىغا ئوخشايدۇ، ئەرەبلەر غەيرىي ئەرەبلەردىن ئۈستۈن ئەمەس، ئاق جىنسلار قارا جىنسلاردىن ئۈستۈن ئەمەس، بۇ يەردىكى ئۆلچەم — تەقۋادارلىق."

لېكىن، ئاللا بەزى كىشىلەرنى مەلۇم جەھەتتە ئىشى ئوڭدىن كەلمەيدىغان، مەلۇم جەھەتتە باشقىلارنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدىغان قىلىپ قويغان. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بۇ جەمئىيەت رەھبەرلىك قىلغۇچىلارغا ۋە سىياسەتچىلەرگىلا موھتاج بولۇپ قالماستىن (ئۇلار مۇشۇ ۋەزىپىنى ئۆتەشكە لايىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئاللا ئۇلارغا ھوقۇق بەرگەن)، شۇنىڭ بىلەن بىللە، كوچا تازىلىغۇچى ئىشچىلار ۋە ئۆي خىزمەتچىلىرىگىمۇ موھتاج. ئەڭ باي ئادەممۇ تازىلىق ئىشچىسىغا موھتاج بولىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، تازىلىق ئىشچىسى باي ئادەمدىن ئالىيجاناب ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئىگىسىنى ئالساق، ئۇ ئاشۇ مەيدانغا ئىگە بولۇش بىلەن بىللە، جەمئىيەتنىڭ مەلۇم ساھەسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، ئۆزىنىڭ ئىشىنى تىرىشىپ ئىشلەيدۇ، جەمئىيەتنىڭ باشقا ئەزالىرى ئۇنىڭغا موھتاج بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا تايىنىدۇ، ئاللا ئۇنى ئۇلار ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدۇ. يەنە بىر مىسال ئالساق، بىر ئادەمنىڭ نۇرغۇن بايلىقى بار، نۇرغۇن دۇكانلىرى بار، ئۇ باشقىلار ئۈچۈن تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، تىرىشىپ ئەمگەك قىلىدۇ، ئاللا ئۇنى كۆپچىلىك ئۈچۈن خىزمەت قىلسۇن دەپ، ئۇنىڭغا ئەقىل-پاراسەت بەرگەن. دېمەك، ئىنسانلار بىر-بىرى ئۈچۈن مۇشۇنداق خىزمەت قىلمايدىغان بولسا، بىز يەيدىغانغا ئاش-نان، ئىچىدىغانغا چاي تاپالماي قالىمىز، باشقا نەرسىلەرنىمۇ تاپالمايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەر بىر

(داۋامى 12-بەتتە)

# نامازنىڭ پايدىسى

**سەي شېڭنا**

"شۈبھىسىزكى، ناماز مۆمىنلەرگە ۋاقتى بەلگىلەنگەن پەرز قىلىندى." (4 ـ سۈرە، 103 ـ ئايەت)
ناماز ئىسلام دىنىدىكى بەش پەرزنىڭ بىرى. ئەر-ئايال مۇسۇلمانلار نامازنى ئىخلاس بىلەن ئوقۇسا، ئادا قىلىشقا تېگىشلىك پەرزنى ئادا قىلغان بولۇپلا قالماستىن، ئۆزىنى ئەخلاقىي، ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن يېتىلدۈرۈشتىمۇ ئۇنىڭ چەكسىز پايدىسىنى كۆرىدۇ.

## 1. نامازنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتىكى پايدىسى

"...نامازنى (تەئدىل ئەركان بىلەن) ئوقۇغىن، ناماز ھەقىقەتەن قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ، ئاللانى ياد ئېتىش ھەممىدىن (يەنى ئۇنىڭدىن باشقا ھەممە ئىبادەتتىن) ئۇلۇغدۇر، ئاللا قىلىۋاتقان (ھەممە) ئىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ." (29 ـ سۈرە، 45 ـ ئايەت) بۇ ئايەتتە نامازنىڭ ئەمەلىي رولى، يەنى نامازنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنىڭ مۇسۇلمانلاردىن ئىمانىدا چىڭ تۇرۇشنى، ئاللانى ھېچ ۋاقىت دىلىدىن چىقارماسلىقنى، شۇنىڭ بىلەن روھىي جەھەتتە چېنىقىپ، پۈتۈن نىيەت بىلەن ياخشىلىق قىلىشقا، مەدەنىيەتتە ئىنتىلىشنى تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكى ئېنىق كۆرسىتىلگەن. مۇشۇنداق روھىي ئاساس بىلەن دۆلەت قۇرۇلۇشىغا ئاتلانغاندا، مۇقەررەر ھالدا، ساداقەتمەنلىك، توغرىلىق، ئىنتىپاقلىق، تۆھپىكارلىققا ئوخشاش بىر قاتار ئالىي پەزىلەتكە يەنى ئىشلەپچىقىرىشنا بىپەرۋالىق قىلماي، سۇپەتكە دىققەت قىلىدىغان، سودا-سېتىق ئىشلىرىدا ئادىل بولىدىغان، ئالدامچىلىق قىلمايدىغان، كىشىلەرگە ئەدەب-ئەخلاق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان، يامان ئىشتىن ئۆزىنى تارتىدىغان پەزىلەتكە ئىگە بولغىلى بولىدۇ. ناماز ئوقۇغۇچى ئۆزىنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنىڭ ئاللاغا يېقىنلاشتۇرىدىغان ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىشى كېرەك، بولمىسا، ئاللادىن يىراقلىشىپ كېتىدۇ، بۇنداق بولسا، زادى بولمايدۇ. بىز شۇنى مەمنۇنىيەت بىلەن كۆرىمىزكى، تەقۋادار نامازخانلارنىڭ كۆپىنچىسىدە ئاشۇنداق پەزىلەتلەر بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەربىر مۇسۇلمان مۇشۇ تەرەپكە قاراپ تىرىشىشى — ناماز ئوقۇپ، ئەخلاقىي جەھەتتە ئۆزىنى تەربىيىلىشى لازىم.

## 2. ناماز ئەقلىي جەھەتتە يېتىلىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ

ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ كۆپلۈكى، ۋەزىپىنىڭ ئېغىرلىقى سەۋەبىدىن، كىشىلەر كۆپ چاغلاردا

ئالدىراشچىلىق بىلەن، كۆڭلى خاتىرجەم بولالماي قالىدۇ، شۇڭا كۆندىگە نۇرغۇن ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلغاندا، دىققىتىنى يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئەقىل-پاراسىتىنى ئىشقا سېلىشقا توغرا كېلىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن سوغاققانلىق بىلەن ئويلىنىدىغان، باش قاتۇرىدىغان پۇرسەت بولۇشى كېرەك. ھەر كۈندىكى بەش ۋاخ نامازنىڭ ۋاقتى ئادەم جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتە ئارام ئالىدىغان ئوبدان پۇرسەت. ناماز ئوقۇش ئارقىلىق، كاللىنى سەگەك تۇتۇپ، غەم-قايغۇدىن خالاس بولغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېيىلگەن: "سەۋر قىلىش، ناماز ئوقۇش ئارقىلىق (ئاللادىن) ياردەم تىلەڭلار." (2-سۈرە، 45-ئايەت)

ناماز — ئاللاغا قىلىدىغان ئەڭ ئالىي بىر خىل ئىبادەت، پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ: "ئىبادەت دىنني ئەمەللەرنىڭ يىلىكى". دېمەك، ئىبادەت ئاللادىن بەخت-سائادەت، ئەقىل-پاراسەت تىلەيدىغان ئەمەل، مۇسۇلمانلارنىڭ روھىي جەھەتتىكى ئەڭ يۇكسەك ئارزۇسى. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: "ئۇ ھېكمەتنى (يەنى ياخشى ئەمەلگە يېتەكلەيدىغان پايدىلىق ئىلىمنى) خالىغان بەندىسىگە ئاتا قىلىدۇ؛ ھېكمەت ئاتا قىلىنغان ئادەمگە كۆپ ياخشىلىق ئاتا قىلىنغان بولىدۇ. پەقەت ئەقىللىق ئادەملەرلا بۇنىڭدىن پەند-نەسىھەت ئالىدۇ." (2-سۈرە، 269-ئايەت) مۇسۇلمانلار ناماز ئارقىلىق، ئۆزىنى تەربىيىلەش توغرىسىدىكى بىلىمگە ئىگە بولۇپ، زور بەخت-سائادەتكە مۇيەسسەر بولىدۇ. ھەزرىتى ئەلى مۇنداق دېگەن: "ئاللانىڭ بىزگە بەرگەن رىزقىدىن بىز رازى؛ بىز ئىلىمگە ئېرىشىمىز، دۈشمەنلەر پۇل-مالغا ئېرىشىدۇ؛ پۇل-مال يوقىلىدۇ، ئىلىم دېگەن ئۇزاققىچە ساقلىنىدۇ." لېكىن، ناچار ئىللەتلەرنى ئىلىم بىلەن ئۆزگەرتەلىدىغان ۋە ھەق يولغا ئەمەل قىلىدىغان ئادەم ئەقلى-ھوشى جايىدا بولغان ۋە نامازنى تەرك ئەتمەيدىغان ئادەمگە يەتمەيدۇ.

## 3. ناماز بىر قەدەر مۇكەممەل بىر خىل تەنتەربىيە ھېسابلىنىدۇ

نامازنىڭ تەنتەربىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنتايىن زىچ، ناماز ئوقۇپ تۇرىدىغان ئادەمنىڭ سالامەتلىكى ياخشى، ئۆمرى ئۇزۇن بولىدۇ. چۈنكى، ناماز ئوقۇش جەريانى روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن تازىلىنىش جەريانىدۇر. ناماز ئوقۇشتىن بۇرۇن، تاھارەت ئېلىشقا، پاكىزە كىيىملەرنى كىيىشكە، پاكىز يەرنى تاللاشقا توغرا كېلىدۇ. نامازنىڭ تەكبىر ئوقۇش، قىيامدا تۇرۇش، قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇش، رۇكۇئ قىلىش، سەجدە قىلىش، تەشەھھۇدتا ئولتۇرۇشقا ئوخشاش مۇھىم رۇكنلىرىدا ھەرىكەتمۇ بار، جىم تۇرۇشمۇ بار. تۆۋەندە بۇلارنى ئۆز تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز:

1. نىيەت قىلىش، يەنى تەييارلىنىش. بۇنىڭدا يۈزىمىزنى قىبلىگە قىلىپ تىك تۇرىمىز، كۆزىمىز ئۇدۇلغا قارايدۇ، ئىككى پۇتىمىزنىڭ ئارىلىقى مۈرىمىزنىڭ كەڭلىكىدىن ئېشىپ كەتسە بولمايدۇ، راۋۇرۇس سەپ بولۇپ تۇرىمىز. بۇ ۋاقىتتا ھەممە جىم بولىدۇ، باشقا ئوي-خىياللارنى تاشلاپ، نامازغا نىيەت قىلىمىز (نامازنىڭ ۋاقتى، رەكئەت سانىنى ئېنىق بىلىش كېرەك).

2. قولاق قېقىش. بۇنىڭدا ئىككى قولنىڭ باش بارمىقىنى قولاقنىڭ يۇمشىقىغا تەككۈزۈپ (ئاياللار ئىككى قولىنى مۈرىسى بىلەن تەڭ قىلىپ كۆتۈرىدۇ)، قولنىڭ ئالقىنىنى قىبلە تەرەپكە

قارىتىپ، بارماقلارنىڭ ئارىسىنى ئېچىپ، جەينەكنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، باشنى قىمىرلاتماي، تەكبىر بىلەن تەڭلا نامازنى باشلايمىز. بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ رولى نەپەسنى تەڭشەپ، كۆكرەكنى كېڭەيتىپ، قول-بىلەكلەرنى ئىشقا سېلىشتىن ئىبارەت.

3. قىيامدا تۇرۇش. بۇنىڭدا ئوڭ قولنىڭ باش بارمىقى بىلەن كىچىك بارمىقىنى ھالقا شەكلىدە قىلىپ سول قولنىڭ بېغىشىدىن قاماپ تۇتۇپ، كىندىكنىڭ ئۈستىگە قويىمىز (ئاياللار ئىككى قولنى ئالماشتۇرۇپ، يەنى ئوڭ قولنىڭ ئۈستىگە سول قولنى مىنگەشتۈرۈپ، كۆكسىنىڭ ئۈستىگە قويىدۇ)، قالغان ئۈچ بارماق تۈز پېتىچە سول قولنىڭ ئۈستىدە تۇرىدۇ، كۆزىمىز سەجدە قىلىدىغان يەرگە قارايدۇ. قىيامدا تۇرغاندا، سەنادىن كېيىن "ئەئۇزۇبىللا..."، "بىسمىللا..." نى دەپ بولۇپ، سۈرە فاتىھەنى ۋە باشقا ئايەتلەرنى ئوقۇيمىز (ئىمام بىلەن ناماز ئوقۇغاندا بۇلارنى ئىمام ئوقۇيدۇ، ئارقىدىكىلەر ئوقۇمايدۇ). ناماز ئىككى رەكئەت بولسا، مۇشۇ ئۇسۇل بويىچە ئوقۇۋېرىمىز، بەلگىلىمە بويىچە، بامداد نامىزى بىلەن شام ۋە خۇپتەن نامازلىرىدا سۈرە فاتىھە بىلەن ئايەتلەرنى ئاۋازىمىزنى چىقىرىپ ئوقۇيمىز، پېشىن ۋە ئەسرى نامىزىدا ئۇلارنى ئىچىمىزدە ئوقۇيمىز. ئۈچ ياكى تۆت رەكئەت ناماز بولسا، ئاۋالقى ئىككى رەكئەتتىن باشقىلىرىدا ئايەتلەرنى ئوقۇماي، سۈرە فاتىھەنى ئوقۇسا ياكى تەسبىھ ئوقۇسا ۋە ياكى بىردەم قىيامدا تۇرسىمۇ بولىۋېرىدۇ. قىيامدا تۇرغاندا پۈتىنىڭ كۆتۈرۈش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، پۈتۈن بەدەننىڭ مۇسكۇللىرىنى تەڭپۇڭلاشتۇرغىلى بولىدۇ.

4. رۇكۇئ قىلىش. قىيامدا تۇرغاندىن كېيىن، ئېگىشىپ رۇكۇئ قىلىمىز، رۇكۇئ قىلغاندا، باش دۈمبە بىلەن تەڭ بولۇشى، ئىككى قول بىلەن تىزنى قاماللاپ، تۆت ئەزانى تەڭشەپ، پۇتنىڭ ئۇچىغا قاراپ تۇرۇش كېرەك، بۇ چاغدا "سۇبھانە رەببىيەلئەزىم" نى ئۈچ قېتىم دەپ، ئاندىن باشنى كۆتۈرۈپ تىك تۇرۇش كېرەك (ئاياللارنىڭ تۆت ئەزاسىنى تىك تۇتۇشى ھاجەتسىز، ئۇلار رۇكۇئ قىلغاندا جەينىكىنى كۆكسىگە چىڭ چاپلاپ تۇرۇشى كېرەك). بۇنداق قىلغاندا، بەلنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئارقىلىق، كۆزنى روشەنلەشتۈرگىلى ۋە بۆرەكنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ.

5. سەجدە قىلىش. بۇنىڭدا ئاۋال ئىككى قولنى سېلىپ تۇرۇپ، يەرگە يۈكۈنىمىز، ئاندىن بارماقلىرىمىزنى جۈپلەپ يەرگە قويۇپ، ئىككى قولنىڭ ئوتتۇرىسىغا سەجدە قىلىمىز. سەجدە قىلغاندا، پېشانە بىلەن بۇرۇننىڭ ئۇچىنى يەرگە تەككۈزۈش، بۇرۇننىڭ ئۇچىغا قاراش، قولتۇقنى ئېچىش، قورساقنى ئىچىگە تارتىپ تۇرۇش، جەينەكنى يەرگە تەككۈزمەسلىك، قولنىڭ ۋە پۇتنىڭ بارماقلىرىنى قىبلىگە قارىتىش (ئاياللار جەينىكىنى يەرگە تەككۈزۈپ، قورسىقىنى ئىككى تىزىغا چاپلاپ تۇتۇشى) كېرەك. ھەر رەكئەتتە ئىككى قېتىم سەجدە قىلىش، ھەر بىر سەجدە قىلغاندا "سۇبھانە رەببىيەلئەئلا" نى ئۈچ قېتىم دېيىش كېرەك. سەجدە قىلغان-دا، پۇتنىڭ ھەرىكەت ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرۇپ، قان بېسىمى ئۆرلەپ كېتىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

6. ئىككى سەجدە ئوتتۇرىسىدىكى ئولتۇرۇش. بىرىنچى سەجدىدىن كېيىن، ئوڭ پۇتنى تۈز قىلىپ يانغا چىقىرىپ، سول پۇتنى ياتقۇزۇپ ئۈستىگە ئولتۇرىمىز، ئىككى قولىمىزنى تىزد-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مىزنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، سەل تۇرۇۋالىمىز، ئاندىن ئىككىنچى سەجدىگە بارىمىز.

7. ئىككىنچى سەجدىدىن كېيىن، ئورنىمىزدىن تۇرىمىز. ئورۇندىن تۇرۇشتا، ئاۋۋال باشنى كۆتۈرۈپ، قول بىلەن تىزنى تۇتۇپ تۇرۇپ، پۇتنىڭ كۈچى بىلەنلا تۇرۇپ كېتىمىز (ساغلام ئادەم يەرنى تۈتماي ئورنىدىن قوپۇشى كېرەك). بۇنىڭ بىلەن، بەدەننى تەكشۈرگىلى تۇرۇپ، زەئىپلىكنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

8. تەشەھھۇدتا ئولتۇرۇش. بۇنىڭدا ئوڭ پۇتنى تىكلەپ، سول پۇتنى ياتقۇزۇپ، شۇ سول پۇتنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرىمىز (ئاياللار ئىككى پۇتىنى ئوڭ تەرەپكە چىقىرىۋېتىپ، يەرگە ئولتۇرىدۇ)، باش بىلەن دۈمبىنى تىك تۇتۇش، قولنى تىزنىڭ ئۈستىگە قويۇش، قولنى تىزدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك، قولنىڭ بارماقلىرىنى تەبىئىي تۇتۇش، مەيدىگە قاراپ ئولتۇرۇپ، "ئەتتەھىيياتۇ" نى ئوقۇش كېرەك. بۇنىڭدا جىملىق ئىچىدە ھەرىكەت بولىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئومرۇتقىنى رۇسلىغىلى بولىدۇ.

9. سالام بېرىش. "ئەتتەھىيياتۇ" ۋە دۇرۇتلارنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاۋۋال ئوڭ مۈرىگە، ئاندىن سول مۈرىگە قاراپ، "ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللا" دەيمىز. بۇ ئارقىلىق، بويۇن ھەرىكەتلىنىپ، تالمايدىغان بولىدۇ.

10. نامازدىن بوشىغاندىن كېيىن، ئولتۇرغان پېتى ئىككى قولنى ئىگىز كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىمىز. شۇنىڭ بىلەن ناماز ئاخىرلىشىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرگىلى بولىدۇكى، نامازنىڭ پايدىسىنى ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ھەربىر تەقۋادار مۇسۇلمان دىنىي پەرزلەرنى ئادا قىلىش ئارقىلىق ئاللانىڭ ئىلتىپاتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇپ، ئىككى دۇنيالىقنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك.

---

(بېشى 8 - بەتتە)

ئادەم ئاللا ئاتا قىلغان ئىقتىدارىغا قاراپ، تۇرمۇشنىڭ مەلۇم بىر ساھەسىدە تىرىشىپ ئىشلەۋاتقان بولىدۇ.

يۇقىرىقىلارنى خۇلاسىلەيدىغان بولساق شۇنى بىلىمىزكى، ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنى ئىلىم تەھسىل قىلىشقا، ئەمەللەرنى بىجا كەلتۈرۈشكە، تەلىم-تەربىيە ئىشلىرىدا تىرىششقا، ھەقىقىي ئىلىم ۋە ئاللا نازىل قىلغان ئەقىدىنى تەتقىق قىلىشقا، شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئىمانىنى چىڭىتىشقا ۋە بۇ ئىماندىن ئاللا، ئۇنىڭ پەرىشتىلىرى، كىتابلىرى، ئەلچىلىرى ۋە ئاخىرەت توغرىسىدىكى بىلىملەرنى ئېلىشقا، جانابىي ئاللا ئىنسانلار ئۈچۈن كۆرسىتىپ بەرگەن تۇرمۇش يولىنى بىلىۋېلىشقا، ئاندىن كېيىن ئەمەلىي تۇرمۇشتا، تۇغۇلغاندىن تارتىپ تاكى ئۆلگىچە، مۇشۇ ئىلىم ۋە ئىمان بىلەن ئىش كۆرۈشكە چاقىرىدۇ. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ئىشقا ئاشىدىغان بولسا، ھەر بىر كىشى جانابىي ئاللا كۆرسەتكەن يول بويىچە ياشايدىغان، ھەر بىر كىشى ئاللانىڭ يەر يۈزىدىكى ۋاكالەتچىسىگە ئايلىنىدىغان ھەقىقىي مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.

مېنىڭ سۆزۈم مۇشۇ يەردە تۈگىدى. سورايدىغان سوئاللار بارمۇ؟ ئاللا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەخت-سائادەت ئاتا قىلسۇن، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى كۆڭۈلدىكىدەك قىلسۇن!

# جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن
# كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزدى

ژۇرنىلىمىز خەۋىرى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 1988 - يىل 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ھىجرىيە 1408 - يىللىق قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ بۇ ئەنئەنىۋى بايرىمىنى تەبرىكلىدى.

كۈتۈۋېلىش يىغىنىنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى ئىلياس. شېن شياشى باشقۇردى، ئۇ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى نامىدىن جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك مېھمانلارنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەم ئۇلارنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن رەھمەت ئېيتتى، شۇنىڭدەك مېھمانلارنىڭ ھېيتىنى مۇبارەكلىدى. جۇڭگو ئىسلام دىنى شۆيۈەنىنىڭ ياش ئوقۇتقۇچىسى لى جىيائىمىن قۇرئان كەرىمنىڭ پاتىھەسىنى قىرائەت قىلدى، يىغىندا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى نۇرمان. ماشيەن ۋە سۇدان جۇمھۇرىيىتىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى، ئىسلام ئەللىرىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى مۇھەممەت. ھامۇت. موختار سۆز قىلدى.

كۈتۈۋېلىش يىغىنىغا مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاۋ پۇچۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋۇلىيەن-يۈەن، گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى رېن ۋۇجى، مۇئاۋىن باشلىقى ۋەن ياۋبىن، ئىسلام ئەللىرىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ رەپىقىلىرى، بېيجىڭدىكى ھەرقاي-سى ئەل مۇتەخەسسىسلىرى ۋە ئۇلارنىڭ رەپىقىلىرى، شۇنىڭدەك بېيجىڭ شەھىرىگە قاراشلىق ھەرقايسى تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى، ئىسلام دىنى ساھەسى ۋە ھەرقايسى ساھەلەردىكى مۇسۇلمان ئەربابلار بولۇپ 200 گە يېقىن كىشى قاتناشتى.

◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇

(بېشى 14 - بەتتە)

چۈشىنىشنى كۈچەيتىپ، ئىسلام ئىشلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ ئوبدان خىزمەت قىلىش ئۈچۈن، بىز داۋاملىق ھالدا ھەرقايسى ئەل مۇسۇلمانلىرى بىلەن قېرىنداشلارچە دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى، ئىسلام ئىشلىرى ۋە ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتلەردە دوستانە ھەمكارلىقنى راۋاج-لاندۇرۇشنى خالايمىز.

ئاخىردا، يەنە بىر قېتىم كۆپچىلىكنىڭ قۇربان ھېيتىنى تەبرىكلەيمەن، ھەممەيلەننىڭ تېنىگە سالامەتلىك، ئىشلىرىغا مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن.

رەھمەت سىلەرگە!

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن كۆتۈۋېلىش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

**جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى نۇرمان. ماشيەن**

بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم

قەدىردان مۇسۇلمان قېرىنداشلار:

مېھمانلار، دوستلار:

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

بۈگۈن قۇربان ھېيت كۈنى، بىز ھەرقايىسى قېرىنداش ۋە دوستلار بىلەن بىر يەرگە جەم بولۇپ قۇربان ھېيتنى خۇشال-خۇراملىق بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىمىزغا بەك خۇشال بولماقتىمىز، مەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋە ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىغا ۋەكالەتەن بۇ يەرگە جەم بولغان قېرىنداشلار، دوستلارنىڭ، جۇڭگودا تۇرۇشلۇق مۇسۇلمان ئەلچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ رەپىقىلىرىنىڭ، ئېلىمىزنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ياردەم بېرىۋاتقان مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئۇلارنىڭ رەپىقىلىرىنىڭ ھېيتىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن!

قۇربان ھېيت پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمى بولۇپ، پۈتۈن دۇنيادىكى ھەرقايىسى ئەل مۇسۇلمانلىرى ئۆزلىرىنىڭ دىنغا بولغان مۇھەببىتىنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن ئۇنى خۇشال-خۇراملىق بىلەن تەنتەنە قىلىدۇ. بۈگۈن ئۇلۇغ قۇربان ھېيتىنى تەنتەنە قىلىۋاتقان كۈندە خۇشاللىق بىلەن شۇنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، يېقىنقى يىللاردىن بېرى، ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، سانائەت-يېزا ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىشى زور دەرىجىدە راۋاجلاندى، مۇسۇلمانلىرىمىزنىڭ تۇرمۇشى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى، بىز دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقىدىن تولۇق بەھرىمەن بولماقتىمىز، دىنىي تۇرمۇشىمىز دۆلەت قانۇنلىرى بىلەن قوغدىلىۋاتىدۇ، بۇ يىل 1 مىڭ 500 دىن ئارتۇق جۇڭگولۇق مۇسۇلمان ھەرەمگە ھەج-تاۋاپ قىلغىلى باردى، بىز ئاللاتائالادىن ئۇلارنىڭ ھەج قىلىش پەرزىنى قوبۇل قىلىشنى تىلەيمىز. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئېلىمىز ھاجىلىرىنىڭ ھەج-تاۋاپ قىلىش ئىشىغا ياردەم قىلغان پاكىستان ھۆكۈمىتى، سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتىگە ۋە مۇسۇلمان قېرىنداشلارغا چىن قەلبىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز.

ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم»دە بىزنى مۇنداق دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ: "ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار!..." (5-سۈرە، 2-ئايەت). يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ خەلقئارا ئىسلام تەشكىلاتلىرى ۋە ھەرقايىسى ئەل مۇسۇلمانلىرى بىلەن بولغان ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى تېخىمۇ راۋاجلاندى، ئۆز ئارا

(داۋامى 13-بەتتە)

# قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا باش ئەلچى مۇھەممەت مۇختارنىڭ سۆزلىگەن سۆزى

مۇسۇلمان قېرىنداشلار، ھۆرمەتلىك جۇڭگولۇق دوستلار!

قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن، مەن خۇشاللىق بىلەن ھەرقايسىڭلارغا بەخت تىلەيمەن، ئاللاتائالادىن بىزگە، سىزلەرگە ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارغا بەخت-سائادەت ئاتا قىلىشنى تىلەيمەن.

مەن بەختلىك ھالدا جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنى سەمىمىي ۋە قىزغىن تەبرىكلەيمەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ ئۇتۇقلۇق خىزمەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىز جۇڭگو خەلقىغە ۋە ئۇلارنىڭ ھۆكۈمىتىگە ئەڭ قىزغىن سالام ئېيتىمىز، ئۇنىڭ تېخىمۇ تەرەققىي قىلىشى ۋە قۇدرەت تېپىشىنى تىلەيمىز.

مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا قاراتقان تۈرلۈك سىياسەتلىرىگە، ئۇنىڭ ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىنىڭ ئىشلىرىنى قەتئىي قوللىغانلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇيمىز. ئۈچىنچى دۇنيا جۇڭگونى ئۆز ئاۋانگارتى دەپ بىلىدۇ. بىز مۇنداق مۇناسىۋەتنىڭ يەنىمۇ راۋاجلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

خانىملار، ئەپەندىلەر!

قۇددۇس ئىسرائىلىيە قىساسچىلىرىنىڭ ئىشغالىيىتىدىن قۇتۇلمايدىكەن مۇسۇلمانلار ھەقىقىي خۇشال-خۇراملىققا ئىگە بولالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز بارلىق مۇسۇلمانلارنى قۇددۇس ئازاد بولغىچە مۇستەملىكىچىلىككە، جاھانگىرلىككە ۋە ئىسرائىلىيە قىساسچىلىرىغا قاتتىق ۋە كۈچلۈك قارشى تۇرۇشقا دەۋەت قىلىمىز.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىز كۆپچىلىكنىڭ پەلەستىن خەلقىنىڭ كۈرىشىنى، ئۇلارنىڭ بارلىق ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولغان مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش يولىدا ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەققانىي كۈرىشىنى قوللىشىنى مۇراجەت قىلىمىز.

بىز يەنە كۆپچىلىكنىڭ ئەرەب ئىشلىرىنى، ئىسرائىلىيە جاھانگىرلىك ۋە مۇستەملىكىچىلىككە تايىنىپ تاجاۋۇزچىلىق ۋە كېڭەيمىچىلىك قىلىپ بېسىۋالغان ئەرەب زېمىنىنى قايتۇرۇۋېلىشنى قوللىشىنى مۇراجەت قىلىمىز.

بۇ يىل بىزنى خۇشال قىلىدىغىنى شۇكى، قۇربان ھېيت ئالدىدا ئۇپۇق سىزىقىدا ئىراق-ئىران ئۇرۇشى ئاياقلىشىدىغانلىقى توغرىسىدا ياخشى ئالامەتلەر كۆرۈلدى، بىز كىشىنى ئېچىندۇرىدىغان بۇ ئۇرۇشنىڭ زىرائەت ۋە ھايۋانلارنى ۋەيران قىلىۋەتكەندىن كېيىن ئاخىر ئادالەتلىك بىلەن ھەل بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ئورتاق دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش، ئۆز خەلقىگە بەخت-سائادەت كەلتۈرۈش ۋە ئۆزىنى تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن، بىز بۇ ئىككى قوشنا مۇسۇلمان ئەلنىڭ ئىناقلىق ۋە تىنچلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، مۇسۇلمانلارنى قان ئاققۇزۇشتىن تەلتۆكۈس

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

# پەلەستىن خەلقىنىڭ كۈرىشىنىڭ يېڭى دولقۇنى

سۈن كۈن

ئوتتۇرا شەرق رايونىنىڭ ۋەزىيىتى ئۈزلۈكسىز جىددىيلىشىپ داۋالغۇۋاتقان، دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ خەلقئارا تىنچلىق يىغىنى چاقىرىپ، ئەرەب ئەللىرى بىلەن ئىسرائىلىيە ئوتتۇرىسىدىكى تالاش-تارتىشنى ئادىللىق بىلەن ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلىش ساداسى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان ۋاقىتتا، پەلەستىن خەلقى ئىسرائىلىيە ئىشغالىيىتىدىكى رايونلاردا ئېگىلمەي-پۈكۈلمەي باتۇرلۇق بىلەن كۆرەش ئېلىپ بېرىپ، پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى قوزغىدى.

1948-يىل 5-ئاينىڭ 15-كۈنى (ئىسرائىلىيە دۆلىتى قۇرۇلغان ئىككىنچى كۈنى)، ئوتتۇرا شەرقتە تۇنجى قېتىم ئەرەب ئەللىرى بىلەن ئىسرائىلىيە ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلىغاندىن بۇيان، پەلەستىن مەسىلىسى ئوتتۇرا شەرق توقۇنۇشىدىكى يادرولۇق مەسىلە بولۇپ كەلدى. 1948-يىلى بولغان ئۇرۇشتا، ئىسرائىلىيە ئەرەب ئەللىرىنىڭ كۆلىمى 6700 كۋادراد كىلومېتر كېلىدىغان زېمىنىنى بېسىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن، بىر مىليوندىن ئوشۇق پەلەستىنلىك يۇرت-ماكانىدىن ئايرىلىپ، ئۆزگە قوشنا بولغان ئەرەب ئەللىرىگە كۆچۈپ بېرىشقا مەجبۇر بولدى.

1967-يىل 6-ئاينىڭ 5-كۈنى ئىسرائىلىيە 3-قېتىم ئوتتورا شەرق ئۇرۇشىنى قوزغاپ، ئەرەب زېمىنى بولغان سىناي يېرىم ئارىلى، گلان ئېگىزلىكى، ئىئوردانىيە دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقى ۋە ئېروسالىمنىڭ كونا شەھەر رايونى قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىۋالدى، بۇنىڭ بىلەن، تېخىمۇ كۆپلىگەن پەلەستىنلىكلەر يۇرت-ماكانىدىن ئايرىلىپ سەرسان بولدى، ئىئوردانىيە دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقى ۋە غازا رايونىدىكى ئىككى مىليونچە پەلەستىنلىكمۇ ئۇنىڭ قولىغا ئايلىنىپ قالدى.

ئىسرائىلىيە ئىشغال قىلىۋالغان ئىئوردانىيە دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىنىڭ كۆلىمى 5450

---

خالى قىلىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

بىز ئافغانىستان خەلقىنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش يولىدىكى كۈرىشىنى ھەرگىز ئەستىن چىقارمايمىز. بىز ئاللاتائالادىن ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنى، چەت ئەل قوشۇنى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەپ، ئافغانىستاندا تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىنى تىلەيمىز.

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە بارلىق جۇڭگولۇق دوستلارنىڭ مۇشۇنداق تەنتەنىلىك كۈتۈۋېلىش يىغىنىغا بىزنى تەكلىپ قىلغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىشىمغا رۇخسەت قىلغايسىلەر.

ناھايەت، ئاللاتائالادىن ھەممىڭىزگە بەخت ئاتا قىلىشنى تىلەيمىز.

رەھمەت!

كۋادراد كىلومېتر، غازا رايونىنىڭ كۆلىمى 350 كۋادرات كىلومېتر كېلىدۇ. 1967-يىلىدىن بۇيان، بۇ جايلاردىكى پەلەستىنلىكلەر بارلىق سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىندى، ئۇلارنىڭ سىياسىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى قاتتىق چەكلەندى. ئىسرائىلىيە قوشۇنلىرى، ساقچىلىرى خالىغان ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە بۆسۈپ كىرىپ ئاختۇردى ۋە بىگۇناھ پۇقرالار تۈرلۈك بەتنامىلار بىلەن سوراقسىزلا تۈرمىلەرگە تاشلاندى. ئىسرائىلىيە ئىشغال قىلىۋالغان رايونلاردىكى پەلەستىنلىكلەر ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ قاتتىق ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلىندى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىدا كۈيۈپ-پىشىپ ئىشلەيدۇ، شەھەر-بازارلاردا تازىلىق ئىشچىسى، مۇلازىمەتچى بولۇپ ئىشلەيدۇ، پات-پاتلا ئىشتىن بوشىتىۋېتىلىپ ئىشسىز قېلىش تەھدىتىگە ئۇچرايدۇ، ئۇلار ئىشقا ئورۇنلاشقان تەقدىردىمۇ ئۆزى بىلەن ئوخشاش ئىش قىلىدىغان ئىسرائىلىيىلىكلەر ئالىدىغان ئىش ھەققىنىڭ ئاران يېرىمىغا توغرا كېلىدىغان ئىش ھەققى ئالىدۇ.

قەھرىمان پەلەستىنلىكلەر ھېچقاچان باش ئەگمىدى، ئۇلار ھەر يىلى نەچچە يۈز قېتىملاپ نامايىش ئۆتكۈزدى. ھازىر داغدۇغىلىق ئېلىپ بېرىلغان بۇ كۈرەش ئىسرائىلىيە دائىرىلىرىنىڭ 20 يىل داۋام قىلغان ۋەھشىيانە ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشنىڭ ئومۇمىي پارتلىشىدۇر.

ئۆتكەن يىل 11-ئاينىڭ 29-كۈنى، ئىسرائىلىيە ئىشغال قىلىۋالغان رايونلاردىكى پەلەستىنلىكلەر بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ "پەلەستىن خەلقىنى قوللاش كۈنى"نىڭ 20 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن كەڭ كۆلەملىك نامايىش ئۆتكۈزۈپ باستۇرۇشقا ئۇچرىدى. 12-ئاينىڭ 8-كۈنى، غازا رايونىدا ئىسرائىلىيىنىڭ بىر ئاپتوموبىلى توشقىچە پەلەستىنلىك ئۆلتۈرگەن بىر ماشىنىنى قەستەن سوقۇپ ئېكىكى پارچە قىلىۋەتتىمۇ، نەق مەيداندىكى ئىسرائىلىيە ساقچىلىرى كۆرمەسكە سالدى، ۋەقە تۇغدۇرغان شوپۇرمۇ ھېچقانداق جاۋابكارلىققا تارتىلماي كەتتى. ئەتىسى، غازا رايونىدىكى پەلەستىنلىكلەر ۋەقە سادىر قىلغۇچىنى جازالاشنى تەلەپ قىلىپ نامايىش ئۆتكۈزۈۋاتقاندا، قانلىق باستۇرۇلۇپ، شۇ مەيداننىڭ ئۆزىدىلا يۈزدىن ئوشۇق ئادەم ئۆلتۈرۈلدى ۋە يارىدار قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن، ئىسرائىلىيىگە قارشى تۈرۈش يولىدىكى كۆلىمى مىسلىسىز بولغان داغدۇغىلىق بۇ كۈرەشنىڭ ئوتى تۇتاشتى.

بۇ كۈرەش ئىككى ئايدىن بېرى ئۈزۈلۈكسىز كېڭىيىۋاتىدۇ، ئىش تاشلاش، بازار تاشلاش، نامايىش ئۆتكۈزۈشلەر ئۈزۈلمەي داۋام قىلماقتا. 2-ئاينىڭ 13-كۈنى، پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئەرافات مىسىردە چىقىدىغان «ئەكرام» گېزىتىنىڭ مۇخبىرىغا، ئۆتكەن يىل 12-ئاينىڭ 8-كۈنىدىن بۇ يىل 2-ئاينىڭ 7-كۈنىگىچە بولغان كۈرەشتە "پەلەستىنلىكتىن 105 كىشى ئۆلتۈرۈلدى، 1515 كىشى يارىدار قىلىندى، 7000 كىشى قولغا ئېلىندى"؛ ئەمما "كۈرەش ئالغا قاراپ داۋاملىق راۋاجلىنىۋاتىدۇ" دېدى.

بۇ كۈرەشنىڭ كەڭ كۆلەملىك، ئۈزلۈكسىز، كەسكىن داۋام قىلالىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى مۇنۇلار:

1. ئىشغالىيەت رايونىدىكى پەلەستىن خەلقى، بولۇپمۇ ياشلار ھېچنېمىدىن قورقماس روھنى

ئىپادىلىدى. ياش ئەۋلادلار ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئىسرائىلىيىلىكلەر تەرىپىدىن قۇل قىلىن- رەھىمسىز ئېزىلگەنلىكىنى، مىليونلىغان قېرىنداشلىرىنىڭ يات يۇرتلاردا سەرسان بولۇپ يۈرگەنلىكىنى، مۇساپىرلار لاگېرىدا ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىللىرىنىڭ قىينىلىۋاتقانلىقىنى، ئۆلتۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى، پەلەستىن ئازادلىق ئىشلىرىنىڭ 40 نەچچە يىللىق ئەگرى-توقايلىقلارنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىنمۇ يەنىلا تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كۈچلۈك مىللىي روھنى ۋە پىداكارلىق بىلەن كۈرەش قىلىش جاسارىتىنى ئۇرغۇتۇپ، بۇ كۈرەشنىڭ ئاساسىي قوشۇنى ۋە ئاۋانگارد ئەترىتى بولۇپ ئۇيۇشتى. ئۇلارنىڭ باتۇرلۇقى ۋە قەيسەرلىكى، ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلەر بېسىشى يېڭى بىر ئەۋلاد پەلەستىنلىكلەرنىڭ ئويغانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

2. پەلەستىندىكى ھەرقايسى گۇرۇھ-تەشكىلاتلار ئىتتىپاقلىشىپ، ماسلىشىپ، تاكتىكىغا ئەھمىيەت بەردى. پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى ئىسرائىلىيىگە قارشى تۇرۇش يولىدىكى بۇ كۈرەشكە رەھبەرلىك قىلدى. پەلەستىن پارتىزانلار تەشكىلاتى، خەلق فرونتى، مىللىي فرونت ۋە پەلەستىن كومپارتىيىسى قاتارلىق گۇرۇھلار بىر نىشاننى كۆزلەپ، ئورتاق ھەمكارلاشتى ھەمدە كۈرەشتە قورال ئىشلەتمەسلىك تاكتىكىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، چوڭ قىرغىنچىلىقنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلاندى، بۇ دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە پايدىلىق بولدى. 2-ئاينىڭ 4-كۈنى، پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى ئەرەب خەلقىغە 2-ئاينىڭ 7-كۈنىنى ئەرەب ئەللىرىنىڭ پەلەستىننىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشىنى قوللاش كۈنى قىلىپ بېكىتىشنى، بۇنىڭدىن كېيىن ھەر يىلى شۇ كۈنى ئوخشاش بولمىغان كۈرەش شەكلى بىلەن پەلەستىن خەلقىنىڭ كۈرىشىنى قوللاشنى مۇراجەت قىلدى.

3. ئىسلام دىنىنىڭ روھى مەدەت بولدى. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، پەلەستىن ياشلىرى ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت دەرىجىدىن تاشقىرى ئىككى چوڭ دۆلەتنىڭ قىياپىتىنى بارغانسېرى ئېنىق تونۇپ يەتتى، بەزى ئەرەب ئەللىرىنىڭ ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرغان كىشىلىرىدىن ئۈمىدىنى ئۈزدى، ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ چاقىرىق كۈچى ۋە ئۇيۇشتۇرۇش كۈچىگە بولغان ئىشەنچى كۈندىن-كۈنگە ئاشتى، مەسچىتلەر ئۇلار كۈرەش ئېلىپ بارىدىغان سورۇنغا ئايلاندى. نامايىشچىلار قۇرۇق قول ئارقىلىق تولۇق قوراللانغان ئىسرائىلىيە ئەسكەرلىرى بىلەن ئېلىشىۋاتقاندا، مەسچىتلەرنىڭ گۈمبىزى ئۈستىدىكى يۇقىرى ئاۋازلىق كانايلار ئارقىلىق: "ياشلار، باتۇرلۇق بىلەن ئېلىشىڭلار، چېكىنمەڭلار!" دەپ مەدەت بېرىلدى ھەمدە كىشىلەرگە "ئاللانىڭ نامى بىلەن، مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىڭلارغا ياردەم قىلىڭلار" دەپ چاقىرىق قىلىندى.

4. بۇ كۈرەش دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى بەرى يەھۇدىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ ھېسداشلىقى ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى.

پۈتۈن دۇنيادىكى تىنچلىقنى سۆيىدىغان، ئادالەتنى قۇۋۋەتلەيدىغانلىكى خەلق ۋە ھۆكۈمەتلەر ئومۇميۈزلۈك ھالدا ئىسرائىلىيىنىڭ زوراۋانلىقىنى ئەيىبلەپ، پەلەستىن خەلقىنىڭ ھەققانىي

كۆرشنى قوللىدى. ھەتتا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يەھۇدىلار تەشكىلاتلىرىنىڭ بەزى رەھبەرلىرىمۇ ئىسرائىلىيە دائىرىلىرىنىڭ قانلىق باستۇرۇشلىرىغا بەس-بەس بىلەن ئېتىراز بىلدۈرۈشتى. ئامېرىكا يەھۇدىلار كېڭەشىنىڭ ئىجرائىيە خادىمى ھېنرى شىگمان: "ئىسرائىلىيىنىڭ پەلەستىنلىكلەرگە ھۇجۇم قىلىش سىياسىتى كىشىنى چۆچۈتىدىغان ۋە بىزار قىلىدىغان سىياسەت" دېدى. «نيۇ-يورك ۋاقتى» گېزىتىنىڭ سابىق باش مۇھەررىرى روسىنتال (يەھۇدى) ئامىمنى باستۇرۇشقا قوماندانلىق قىلغان دۆلەت مۇداپىئەسى مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى رابىننىڭ ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىشىنى تەلەپ قىلدى.

پەلەستىن خەلقىنىڭ قېنى بىكارغا ئاقمايدۇ، بۇ كۆرەش كۆچلۈك ھاياتىي كۈچكە ۋە چوڭقۇر ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولۇپ، خەلقئارادا غايەت زور تەسىر قوزغىدى. بۇ كۆرەش پەلەستىن مەسىلىسى ھەل قىلىنمىسا، ئوتتۇرا شەرق رايونىدا ھەقىقىي تىنچلىق ۋە ئامانلىق بولمايدىغانلىقىنى پۈتۈن دۇنياغا يەنە بىر قېتىم بىلدۈردى. ئۇ خەلقئارا جامائەتچىلىكنىڭ پەلەستىن خەلقىنىڭ تەقدىرىگە تېخىمۇ ئېتىبار بىلەن قارىشى ۋە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشىغا تۈرتكە بولدى، ئېچىلماقچى بولۇۋاتقان ئوتتۇرا شەرق تىنچلىق مەسىلىسى بويىچە خەلقئارا يىغىننىڭ چاقىرىلىشىغىمۇ زور تۈرتكە بولدۇ. بۇ كۆرەش ئىسرائىلىيە دائىرىلىرىگە قاقشاتقۇچ زەربە بولۇپ، ئىسرائىلىيىنىڭ ياۋۇز ھۆكۈمرانلىقىنى تەۋرىتىپ قويدى، ئىسرائىلىيىدىكى ئىككى مىليون پەلەستىنلىك بىلەن 3 مىليون 500 مىڭ يەھۇدى ئوتتۇرىسىدا ئۇزاققا سوزۇلىدىغان، تېخىمۇ كەسكىن بولىدىغان ئىچكى ئۇرۇشنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى. ئەگەر پەلەستىنلىكلەرگە ئۆز مىللىتىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى بېرىلمەيدىغان بولسا، بۇ كۆرەش داۋاملىشىۋېرىدۇ. بۇ كۆرەش ئىسرائىلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىككى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىكى بۆلۈنۈشنى كېڭەيتىۋەتتى. زۇڭلى شامىل باشچىلىقىدىكى لىكود گۇرۇھى "تۆمۈر مۇشت سىياسىتى"دە جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇردى؛ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى فىلس باشچىلىقىدىكى ئىشچىلار پارتىيىسى بولسا غەربىي قىرغاق بىلەن غازا رايونىنىڭ نورمال تەرتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن، پەلەستىنلىكلەر بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، غەربىي قىرغاق بىلەن غازا رايونىدا ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى كۆرەش قىلىۋاتقان ئەرەب خەلقى ۋە پەلەستىن خەلقى بىلەن مەڭگۈ بىرگە تۇرىدۇ. 2-ئاينىڭ 4-كۈنى، جۇڭگو ۋەكىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى كومىتېتىنىڭ يىغىنىدا، ئىسرائىلىيە دائىرىلىرىنىڭ ئۆزى ئىشغال قىلىۋالغان رايونلاردا پەلەستىن خەلقىنى قانلىق باستۇرغان زوراۋانلىقىنى قاتتىق ئەيىبلەپ، خەلقئارا جامائەتچىلىكنىڭ پەلەستىن خەلقىگە تېخىمۇ كۆپلەپ ھېسداشلىق قىلىپ ۋە ئۇلارنى تېخىمۇ كۆپلەپ قوللاپ، پەلەستىن مەسىلىسىنىڭ ئادىللىق بىلەن تېزرەك ھەل قىلىنىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىنى مۇراجەت قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورخانىسى
www.uyghurkitap.com

ۋەز

# ئىسلام دىنى ۋە كىشىلىك تۇرمۇش

باۋ چېڭلى

## 1. ئىسلام دىنىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش توغرىسىدىكى قارىشى

"ئىسلام" ئەرەبچە "ئىتائەت قىلىش" مەنىسىدىكى سۆز بولۇپ، ئاللانىڭ ئەمرىگە ۋە چەكلىمىسىگە، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىمىگە ئىتائەت قىلىش، ھەقىقەت ۋە ھەققانىيەتكە بويسۇنۇش ھەمدە تىنچلىقنى قاراپ يۈزلىنىش دېگەننى بىلدۈرىدۇ. ئىسلام دىنى تىنچلىق دىنى دېگەن بولىدۇ.

ئىسلام دىنى بىزگە شۇنداق دەپ كۆرسەتمە بېرىدۇكى، پانى ئالەمدىن باشقا باقى ئالەم بولىدۇ، ئىنسانلارنى ئاللاتائالا ياراتقان بولغاچقا، ئۇلار يەنە ئاللاتائالانىڭ دەرگاھىغا بارىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى "كۆرگىلى بولىدىغان نەرسىلەر" ۋە "غايىب نەرسىلەر"دەپ ئايرىلىدۇ. "كۆرگىلى بولىدىغان نەرسىلەر" دېگەندە، ئۇ چەكلىك زامان، چەكلىك ماكان شۇنىڭدەك چەكلىك شەيئىلەرنى، يەنى كۆرگىلى بولىدىغان — ۋاقىتلىق، ئىنسانلارنىڭ ماددىي ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان نەرسىلەرنى، پانى ئالەم گەۋدىسى جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى تەتقىق قىلىدۇ، پانى ئالەمدىكى بارلىق جانلىقلار، ھايۋانات، ئۆسۈملۈكنىڭ تاشقى مەقستى ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىن ئىبارەت بولىدۇ، ئالەمدىكى رەڭگار-رەڭ جانسىز نەرسىلەر، جانلىقلار، كۈن، ئاي، يۇلتۇز، تاغ، دەريا، دېڭىز، ئاۋاز، نۇر، توك قاتارلىق نەرسىلەر ئىنسانلارنىڭ ئىشلىتىشى ۋە بەھرىمەن بولۇشىغا تەقدىم قىلىنىدۇ.

"ئى مۆمىنلەر! بىزسىلەرگە رىزىقلاندۇرغان ھالال نەرسىلەرنى يەڭلار." (2 ـ سۈرە، 172 ـ ئايەت)

"خۇشال ـ خۇرام يەڭلار ۋە ئىچىڭلار" (77 ـ سۈرە، 43 ـ ئايەت)

"غايىب"نەرسىلەر دېگەندە، ئۇ چەكسىز زامان، چەكسىز ماكان ۋە چەكسىز شەيئىلەرنى تەتقىق قىلىدۇ. بۇ غايىب، باقىي نەرسىلەرنى، ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى، روھىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى، ھەم باقىي ئالەمنىڭ مەڭگۈلۈكى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى تەتقىق قىلىدۇ.

"تەقۋادارلارغا يېتەكچىدۇر." (2 ـ سۈرە، 2 ـ ئايەت)

"ئۇلار غەيبكە ئىشىنىدۇ." (2 ـ سۈرە، 3 ـ ئايەت)

"ئۇلارغا پەقەت قىلغان ئەمەللىرىگە يارىشا جازا بېرىلىدۇ." (7 ـ سۈرە، 147 ـ ئايەت)

"ئاخىرەت ياخشىدۇر ۋە باقىيدۇر." (78 ـ سۈرە، 17 ـ ئايەت)

ئىنسانلار بىلىمگە موھتاج: ئالەمنىڭ سىرىدىن ئاللانىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلىدۇ، ئاسمان، يەر،

ئادەم، جىن ۋە كائىناتنى ياراتقۇچى ئىگەمنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدۇ؛ پانىي ئالەمدىكى بارلىق جانىسىزلار بىلەن جانلىقلارنى كەشىپ قىلىپ، ئۇنى ئىنسانلارنىڭ ئىشلىتىشى ۋە بەھرىمەن بولۇشى ئۈچۈن تەقدىم قىلىنغانلىقىنى بىلىدۇ.

"ئۇ قەلەم (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى. ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى." (96 ـ سۈرە، 3 ـ ،4 ـ ئايەتلەر)

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "بۆۋاق چېغىدىن تارتىپ ئۆلگىچە ئىلىم تەلەپ قىلىش ھەر بىر ئەر ـ ئايال ئۈچۈن پەرزدۇر."

ئادەمنىڭ ئېتىقادسىز ياشىشى مۇمكىن ئەمەس، باشقىلار ئۈچۈنمۇ، ئۆزى ئۈچۈنمۇ ئېتىقاد بولۇشى زۆرۈر، بولمىسا، ھاياتلىقنىڭ ئەھمىيىتى بولمايدۇ.

1) ئۆزى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بىرەر ئىشنى قىلغاندا ئىشەنچ بولمىسا، چوقۇم ئۇنى ۋۇجۇتقا چىقارغىلى بولمايدۇ؛ ئىشەنچ بولمىسا، مەيۈسلۈك پەيدا بولىدۇ، جاسارەت بولمايدۇ؛ لېكىن، ئۆزگە ئىشىنىش تەكەببۇرلۇق ئەمەس.

2) ئۆز ئارا ئىشەنچ بولۇشى كېرەك، مەسىلەن، ئائىلىدە، ئەل ـ ئاغىنىلەرى ئوتتۇرىسىدا ئۆز ئارا ئىشەنچ بولمىسا، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ نېمە لەززىتى بولسۇن؟

شۇڭا ئېيتىمىزكى، ئېتىقاد ھەرىكەتنىڭ ئانىسى، كىشىلىك تۇرمۇش ئېتىقاد ئىلكىدە بولىدۇ. ئىسلام دىنى كىشىلەرنىڭ ئېتىقادى بىلەن ھەرىكىتىنىڭ بىردەك بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ، چۈنكى كەم ـ كوتىسىز كىشىلىك تۇرمۇش ھەرگىز جىسمانىي ھوزۇرلىنىش، بەھرىمەن بولۇش بىلەن قانائەتلىنىشنى تەلەپ قىلىشلا ئەمەس، يەنە روھىي شاتلىق، روھىي ئەمىنلىك، مەڭگۈ روھىي ئامانلىققا ئېرىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

## 2. ياراتقۇچى بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتى

ھەممىدىن قىزىقارلىقى شۇكى، ئىنسانلار ياۋايى مىللەت ھالىتىدىن ئەڭ مەدەنىي جەمئىيەتكە ئۆتكەنگە قەدەر ياراتقۇچى بار دېگەن ئاڭغا ئىگە بولۇپ كەلدى، بۇ ئىنسانلاردا قورقۇشتىن پەيدا بولىدىغان بىر خىل بىۋاسىتە سەزگۈ، ئىنسانلارنىڭ تۇغما ئىقتىدارى، شۇڭا ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش ئىنسانلار ئۈچۈن ئومۇمىي ئىش، ھايۋانلاردا بولسا بۇنداق ئاڭ بولمايدۇ.

بىر قىسىم كىشىلەر ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ يا ئۇنى ياكى بۇنى دىن قىلىۋالىدىغانلىقىنى؛ بەزىلەرنىڭ ھەتتا ئۆزىنى مەبۇت قىلىۋالىدىغانلىقىنى بايقايمىز. ئادەم دىنىي خاراكتېر ئالغان بولىدۇ، ئەگەر ئۇلار ئېتىقاد قىلغان ياراتقۇچى يوقىتىلسا، ئۇلار ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى بىر ياراتقۇچىنى ياساپ چىقىپ دەسسىتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ياساپ چىققان ياراتقۇچى ساختا بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

مۇبادا، ياراتقۇچى راستلا بولمىغان بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا كائىناتنىڭ سىرى، ئالەمنىڭ پەيدا بولغانلىقى، تەبىئەتنىڭ ماسلىقى، جانلىقلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى، ئىنسانلار ھاياتىنىڭ سىرى...

www.uyghurkitap.com

شۇنىڭغا ئوخشاشلار توغرىسىدا ئەقىلگە مۇۋاپىق جاۋاب تاپالمىغان بولاتتۇق.

ئىسلام دىنى ئاللاغا ئىشىنىدۇ، ئۇنىڭ ئىپتىداسى، ئىنتىھاسى، جىسمى، ئوخشىشى، ماكانى يوق، ئۇ تۇغۇلمىغان، ھەم تۇغۇلمايدۇ، ئۇنىڭ جورىسى يوق؛ ئۇ ھەممىگە قادىر، شەپقەتلىك، مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇ ئەڭ ئادىل، ھەممىنى بىلىپ، ئاڭلاپ، كۆرۈپ تۇرىدۇ، ئۇ ئاسمان، زېمىن، ئادەم، جىن-پەرى، كائىناتنى ياراتقۇچىدۇر؛ ئادەم بولسا-يارىتىلغۇچىدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەمنىڭ ئاللاغىلا ئىبادەت قىلىپ ۋە ئاللادىنلا ياردەم تىلەپ، ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىش ۋەزىپىسىلا بار.

"(رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز." (1-سۈرە، 5-ئايەت)

"بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن." (1-سۈرە، 6-ئايەت)

"جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم." (51-سۈرە، 56-ئايەت)

## 3. ئىنسانلارنىڭ بۇ ئالەمدىكى ئورنى

ئالەمنىڭ چوڭلۇقى، زەرەتلەرنىڭ كىچىكلىكى پۇختا لايىھىلەنگەن بولىدۇ، توغرا تەبىئەت قانۇنىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولىدۇ، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئاسمان-زېمىندىكى بارلىق كائىناتنى چوقۇم ياراتقۇچى بىر ئىگە بار، ئۇنىڭ ئالەمنى يارىتىشى بولسا پىلانلىق، مەقسەتلىك ۋە مەنىلىك بولغان بولىدۇ، ئەگەر ئادەمدە ئېتىقاد بولمىسا، ئۇ ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇنداقتا، ئۇنىڭ ئۈچۈن مەقسەتلىك ۋە ئەھمىيەتلىك بولغان ئالەم بولمايدۇ، ئۇ ئالەم ئۈستىدە توغرا دۇنيا قاراشقا ئىگە بولالمايدۇ. مەسىلەن، ئەخمەق خۇراپىي ئادەم يەپ-ئىچىش، كىيىش-ياسىنىش ئۈچۈن ياشايدۇ، ھەتتا "ئادەم بايلىقنى دەپ ئۆلىدۇ، قۇشقاچ يەمنى دەپ ئۆلىدۇ" دېگەندەك ئىشلارنى قىلىدۇ؛ ئۇلارنىڭ پۈتۈن بەدىنىدىن چىدىغۇسىز سېسىق پۇراق چىقىپ تۇرىدۇ...

ئالەمنى ئاللا ياراتقان، بۇنىڭدا مەقسەت بولىدۇ ۋە بۇ ئەھمىيەتلىك ئىش، ئالەمنىڭ بىر قىسمى بولغان ئادەمنىمۇ ئاللا ياراتقان، ئەلۋەتتە، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ مەلۇم مەقسىتى ۋە ئەھمىيىتى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئادەمنىڭ كېلىدىغان يېرى ۋە بارىدىغان يېرىمۇ ئېنىق بولىدۇ، ئادەمنىڭ بۇ ئالەمدە ياشىشىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئادەمنىڭ ئاللاغا مەنسۇپ مۇقەددەس بىر ۋەزىپىسى بار، بىز ئاللا ئالدىدا جاۋابكار بولۇشىمىز، ئاللانىڭ ئىرادىسىگە ئەمەل قىلىپ، ئاللانىڭ پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، گۈزەللىك ۋە شاتلىققا تولغان دۇنيا قۇرۇشىمىز كېرەك. بىز ياشاشتا، بىر تەرەپتىن، كۆز ئالدىمىزدىكى، جىسمانىي، بۇ دۇنيالىق، رېئال مەقسەتنى كۆزدە تۇتىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەڭگۈلۈك بولغان، روھقا، ئاللاغا تەۋە بولغان ئالىي مەقسەتنى كۆزدە تۇتىمىز، دېمەك، بىز ئىككى دۇنيالىقنى كۆزدە تۇتىمىز. ئۆلگەندىن كېيىنلا ئاللانىڭ دەرگاھىغا بارالايمىز. ئۆلۈش كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى ئەمەس، بەلكى بىر باسقۇچى؛ ئۆلۈش ئاللانىڭ دەرگاھىغا بېرىپ ھايات چاغدىكى ۋەزىپىلەردىن

ھېساب بېرىپ، ئاللانىڭ ئادىل ھۆكۈمىنى كۈتۈشتىن ئىبارەت.

"ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە 'مەن يەر يۈزىدە خەلىپە (يەنى ئورۇنباسار) يارىتىمەن' دېدى." (2 ـ سۈرە، 30 ـ ئايەت)

"جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم." (51 ـ سۈرە، 56 ـ ئايەت)

"بىز ئەلۋەتتە ئاللانىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى ئاللانىڭ بەندىلىرىمىز)، چوقۇم ئاللانىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز." (2 ـ سۈرە، 156 ـ ئايەت)

ئىسلام دىنى مەھەللىۋازلىقنى بىكار قىلىدۇ، بارلىق پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىدۇ. ئاللانىڭ ئەلچىلىرىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلمايدىغان، ئوخشاش ئىشەنمەيدىغان، بىردەك قارىمايدىغان، بىر قىسىم پەيغەمبەرلەرنى ياخشى كۆرۈپ، بىر قىسىم پەيغەمبەرلەرنى كەمسىتىدىغان، بىر قىسىم پەيغەمبەرلەرنى ئۆچلۈك بىلەن ئۆلتۈرىدىغان نۇرغۇن دىندارلار بولغان.

ئىسلام دىنى، بىر تەرەپتىن، بۇنداق ئادىل بولمىغان جىنايەتلىك ۋە بىمەنە ئېتىقادنى ئېچىپ تاشلايدۇ.

"ھەرقاچان بىرەر پەيغەمبەر كۆڭلۈڭلارغا ياقمايدىغان بىر نەرسە ئېلىپ كەلسە، تەكەببۇرلۇق قىلىۋېرەمسىلەر؟ بىر قىسىم پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدىڭلار، يەنە بىر قىسىم پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈردۈڭلار." (2 ـ سۈرە، 87 ـ ئايەت)

يەنە بىر تەرەپتىن، تۈرلۈك كىتابلارغا ۋە پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىشنى ئۆگىتىدۇ.

"ئېيتىڭلاركى، 'ئاللاغا ئىمان ئېيتتۇق، بىزگە نازىل قىلىنغان ۋەھيىگە، ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاققا، يەئقۇبقا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىگە، مۇساغا بېرىلگەن (تەۋراتقا)، ئىساغا بېرىلگەن (ئىنجىلغا) ۋە پەيغەمبەرلەرگە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بېرىلگەن (كىتابلارغا) ئىمان ئېيتتۇق، ئۇلاردىن ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز، بىز ئاللاغا بويسۇنغۇچىلارمىز'." (2 ـ سۈرە، 136 ـ ئايەت)

## 4. مۇسۇلمانلار تۇرمۇشىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى

مۇسۇلمانلار ھەم ئاللاغا بويسۇنىدۇ يەنى «قۇرئان كەرىم»گە ئەمەل قىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم» ئىسلامنىڭ روھى، ئىسلام قانۇنىنىڭ مەنبەسى، مۇسۇلمانلار سۆز ـ ھەرىكىتىنىڭ مىزانى.

"ئاللا ھەقىقەتەن (كىشىلەر ئارىسىدا) ئادىل بولۇشقا، (جىمى خەلققە) ياخشىلىق قىلىشقا، خىش ـ ئەقرىبالارغا سىلە ـ رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، قەبىھ (سۆز ـ ھەرىكەتلەر) دىن، يامان ئىشلاردىن ۋە زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ." (16 ـ سۈرە، 90 ـ ئايەت)

ئالەمدە قالايمىقانچىلىق شەخسىيەتچىلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ، شەخسىيەتچىلىك بولىدىكەن، ياخشىلىق قىلغىلى بولمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھەقىقەت ئالەمگە تارالمايدۇ، ھەقىقەت خورلىنىدۇ، نەتىجىدە ئالەم قالايمىقانلىشىدۇ. ئەينى بىر دۇنيانى قۇتقۇزۇش تەشەببۇسى ئۆز تەشەببۇسچىلىرىغا

ئىتائەت قىلىدىغانلىقى، شۇنىڭدەك ھەركىم ئۆز پىرىنىڭ يولى بويىچە ئىش تۇتىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ تەشەببۇس دەۋرگە مۇۋاپىق كېلىدىغان، ھېچ تەرەپكە ئاغمايدىغان ھەق يول بولسىمۇ، لېكىن يات مىللەتنىڭ، يات دۆلەتنىڭ، يات دىنىنىڭ، يات گۇرۇھنىڭ دەپ ئۇنى ۋىجدانسىزلىق بىلەن چەتكە قاقىدۇ، ھالبۇكى، ياراتقۇچى ئاللا كىشىلەرنى ئادىل بولۇشقا، ياخشىلىق قىلىشقا، خىش-ئەقرىبالارغا سىلە-رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، بۇ نېمە ئۈچۈن؟ بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئادەم توپ ياشايدىغان ھايۋان، ئۆزىنىڭ يىراق-يېقىن خىش-ئەقرىبالىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزەلمەيدۇ، تۇغقانلىرىنىڭ نەپسىگە چوغ تارتماي ياخشىلىق قىلىشى، "ئادالەت"نى دەپسەندە قىلماي، "ئىنسانىي مۇھەببەت"نى ساقلىشى كېرەك.

ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇشنىڭ دەرىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ، ياخشىلىق قىلىشنىڭ ئەڭ ئەقەللى، ئەڭ تۆۋەن ئۆلچىمى ئادىل بولۇش، قانۇنغا رىئايە قىلىش، مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش، ئۆزىگىمۇ، ئۆزگىگىمۇ زىيان كەلتۈرمەسلىكتىن ئىبارەت، يەنىمۇ يۇقىرى ئۆلچەملىك ياخشىلىق قىلىش باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش، باشقىلارغا ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلماي ياردەم قىلىش، باشقىلارنى قۇتقۇزۇشتىن ئىبارەت، ئۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى ئۆلچەملىك ياخشىلىق قىلىش باشقىلارغا ياردەم قىلىش، باشقىلارنى قۇتقۇزۇشنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى قىلىش، قېرى بولسا قېرىلارنىڭ غېمىنى يېيىش، ياش بولسا ياشلارنىڭ غېمىنى يېيىش، ئۇلارغا ئۆز تۇغقانلىرىغا ياردەم، قۇتقۇزۇش بەرگەندەك ياردەم، قۇتقۇزۇش بېرىشنى ئۆتەشكە تېگىشلىك مەسئۇلىيىتىم دەپ قاراشتىن ئىبارەت.

قەبىھلىككە كەلسەك، بۇمۇ دەرىجىگە ئايرىلىدۇ، دەسلەپكى قەبىھلىك يامان ئىشلارنى قىلىش، يەنى نىيىتى ساپ بولماسلىق ياكى ھەرىكىتى توغرا بولماسلىقتىن ئىبارەت؛ يامان ئىش باشقىلارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدۇ؛ زۇلۇم قىلىش يەنىمۇ ئەشەددىيلىشىپ ئاۋامغا، دۆلەتكە زىيان يەتكۈزىدۇ.

"ئۇ ئۇلارنى ياخشى ئىش قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىش قىلىشتىن توسىدۇ، ئۇلارغا پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىدۇ، ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ." (7-سۈرە، 157-ئايەت)

"ئېيتقىنكى، 'مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللا ئۈچۈندۇر." (6-سۈرە، 163-ئايەت)

"ئاللانىڭ شېرىكى يوقتۇر، مەن مۇشۇنىڭغا (يەنى يالغۇز ئاللاغىلا خالىس ئىبادەت قىلىشقا) بۇيرۇلدۇم، مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋۋىلىمەن." (6-سۈرە، 164-ئايەت)

"ئى پەيغەمبەر! پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان ئەھكاملارنىڭ ھەممىسىنى يەتكۈزگىن، ئەگەر تولۇق يەتكۈزمىسەڭ، ئاللا تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلمىغان بولىسەن."
(5-سۈرە، 67-ئايەت)

# پېكىياڭ ناھىيىسىدىكى ئاخۇنلار مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ بەردى

دىڭۋانۇر

نىڭشىيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى پېكىياڭ ناھىيىسىدە 9529 ئائىلىلىك خۇيزۇ بار، ئۇلارنىڭ ئادەم سانى 56 مىڭ 729 بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي ئاھالە سانىنىڭ 28.5 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. ناھىيە بويىچە 118 مەسچىت بار. بۇ ناھىيىدە ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا ئەھمىيەت بېرىلدى، ئاخۇنلار سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتا مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مۇنداق تۆت ياخشى ئىش قىلىپ بەردى:

بىرىنچى، كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، پېكىياڭ ناھىيىسىدىكى بەزى مەسچىتلەر كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، نۇرغۇن ئاخۇنلار مەسچىتنى رېمونت قىلىشتا ئاممىنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن، ئۆزلىرى قول سېلىپ ئىشلىدى ۋە ماتېرىيال تەقدىم قىلدى. يىلدا بىر قېتىم ئېلىشقا تېگىشلىك ئاشلىقنى ئالمىدى. مەسىلەن، شىچا يېزىسىنىڭ تۆۋەن خاۋېرچۈەن مەسچىتىنىڭ ئىمامى ياڭ جىكې ئاخۇنۇم ئۆز يۇرتىدىن 1500 تۈپ تېرەك كۆچىتىنى ئېلىپ كېلىپ، مەسچىتكە تەقدىم قىلدى، بۇ كۆچەتلەر مەسچىتنىڭ ئەتراپىغا تىكىلىپ، ئۇنىڭ 700 نەچچە تۈپى ئەي بولدى. بۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە مەسچىتنى رېمونت قىلدۇرۇشقا 60 تال چەنزە، 40 يۈەن پۇل ۋە 200 نەچچە جىڭ بۇغداي تەقدىم قىلدى، يەنە ئاممىنى ئۇيۇشتۇرۇپ 2 خومدان ياسىدى. گۇچېڭ يېزىسى گۇاماگۇ جىلغىسىدىكى نەنتەي مەسچىتىدە 700 نەچچە تۈپ كۆچەت تىكىلدى. شۇ مەسچىتنىڭ ئىمامى ماجۇڭخې ئاخۇنۇم خىش تام قوپۇرۇشنى بىلگەچكە، مەسچىتنى رېمونت قىلىشتا ئاممىنى باشلاپ ئۆزى قول سېلىپ تام قوپاردى؛ بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەنە مەسچىتكە ئىككى تال لىم ياغاچ، بىر تام سائىتى ۋە ئىككى ئەدىيال تەقدىم قىلدى، يەنە مەسچىت قوروسىدا گۈل تېرىپ، كۆچەت تىكىپ مۇھىتنى گۈزەللەشتۈردى.

ئىككىنچى، "ھەر كىم ئۆز ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىش، بىر-بىرىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە بىر-بىرىنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىۋالماسلىق" پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، دىنىي مەزھەپلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە دىنىي مەزھەپنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتتى. شىچا كوچىسى مەسچىتىنىڭ ئىمامى خەي چىڭگۇي ئاخۇنۇم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە دىنىي مەزھەپلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنى ئىماملىق قىلىشنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىسى ئورنىغا قويغانلىقى ئۈچۈن، بۇ مەسچىتتە بىرەر مەسىلە كۆرۈلمىدى. ۋاڭۋا كوچىسى مەسچىتى بىرلەشمە جامائەت بولۇپ، مەسچىتنىڭ ئىمامى ۋە مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى دىنىي تەسكىرىي قاراشتا بولمىغاچقا، دىنىي مەزھەپلەر ئوبدان ئىتتىپاقلاشتى. شىنجى يېزىسىدىكى ماۋاڭبو مەسچىتىنىڭ ئىمامى ماچىڭجۈن ئاخۇنۇم (ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى) جۈمە

كۆندىن پايدىلىنىپ، سىياسەت، دىنىي قائىدە ۋە ئىتتىپاقلىقنىڭ مۇھىملىقىنى سۆزلەپ، دىنىي مەزھەپنى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن ئايرىلىپ كەتكەن ئىككى مەھەللىنى بىرلەشتۈردى. ماچىڭجۈن ئاخۇنۇم ئىتتىپاقلىقنى كۆزدە تۇتۇپ، دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشتا "ساھىپخانىنىڭ رايىغا قاراش"، "ھەركىم ئۆز ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىش، بىر-بىرىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە بىر-بىرىنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماسلىق" پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، دىنىي مەزھەپلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە دىنىي مەزھەپنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىدى.

ئۈچىنچى، مىللىي مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا قىزغىنلىق بىلەن كۈچ چىقاردى. نەچچە يىلدىن بۇيان، پېكىياڭ ناھىيىسىدىكى بەزى ئاخۇنلار مىللىي مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش يولىدا نۇرغۇن ئىش قىلدى. ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى ماچىڭجۈن ئاخۇنۇم بارغانلا مەھەللىدە قىسمەن ئامما مەدەنىيەت-مائارىپ ئىشلىرىغا سەل قارايدىغان ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ، دىنىي كىتابلاردىن نەقىل كەلتۈرۈپ، مۇسۇلمان-لارنىڭ پەن-مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىشى مىللەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئېھتىياجلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى دىنىي ئەقىدىگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. ئۇ "بىلىم تەھسىل قىلىش ھەربىر ئەر-ئايال مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرزدۇر" دېگەنگە ئوخشاش ھەدىسلەرنى تەشۋىق قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى ئۆز پەرزەنتلىرىنى مەكتەپكە ئەۋەتىشكە ئىلھاملاندۇرۇپ، خۇيزۇ بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش، يۇقىرى مەكتەپكە چىقىش ۋە مۇقىم ئوقۇش نىسبەتلىرىنى ئۆستۈرۈش جەھەتتە نۇرغۇن ئىش قىلدى.

تۆتىنچى، ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ، پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىپ، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى تىزگىنلەشكە تىرىشتى. پېكىياڭ ناھىيىسىدىكى كەڭ ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلار جۈمە نامىزى ئوقۇش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى كەڭ تەشۋىق قىلدى ۋە ئۆزى باشلامچىلىق قىلىپ ئۆز تۇغقان، پەرزەنت ۋە قوشنىلىرىنى پىلانلىق تۇغۇشقا سەپەر-ۋەر قىلدى. ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى ماچىڭجۈن، مۇئاۋىن مۇدىرى ماجاۋمىڭ، ھەيئەت ئەزاسى ماخەنجىي ئاخۇنۇملار دىنىي قائىدىنى پارتىيىنىڭ سىياسىتىگە بىرلەشتۈرۈپ سۆزلەپ، مۇسۇلمانلارغا پىلانلىق تۇغۇتنىڭ دىنىي قائىدىگە خىلاپ ئەمەسلىكىنى ۋە ئىماننى يوقىتىپ قويغانلىق ھېسابلانمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى، شۇنىڭ بىلەن ئامما ئەندىشىدىن خالاس بولدى، تۇغۇت يېشىغا توشقان ئاياللار ئىختىيارىيلىق بىلەن پىلانلىق تۇغۇپ، پۈتۈن يېزىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىلدى.

# بىزنىڭ غەمگۇزار ئاخۇنىمىز ــ ما باۋشياڭ

## ما فۇشياڭ

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قورغاس ناهىيىسى چىڭشۇيخې بازىرىنىڭ ئېرداۋخې كەنتى خۇيزۇ، دۇڭشياڭ، ئۇيغۇر، قازاق، سالا ۋە خەنزۇ قاتارلىق ئالتە مىللەت ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان چوڭ كەنت. بۇلار ئىچىدە خۇيزۇ ۋە دۇڭشياڭلار 1048 كىشى بولۇپ، كەنت ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ 90 پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ما باۋشياڭ ئاخۇنۇم 1984 ـ يىل 4 ـ ئايدا بۇ كەنتكە كېلىپ مەسچىتىنىڭ ئىمامى بولدى، ئۇ بۇ يەرگە يېڭى كەلگەندە بۇ يەردىكى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى بىربىرىگە ھۆرمەت قىلىش، بىر بىر بىلەن يېقىن ۋە ئىناق ئۆتۈشتەك دوستلۇق كەيپىياتىدىن تەسىرلەندى ھەمدە ئۆزىنىڭ ئىماملىق ۋەزىپىسىنى ئوبدان ئۆتەپ، مىللەتلەر ئارا يېقىن، ئىناق ئۆتۈشتەك ئىسىل ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ھەسسە قوشۇشقا بەل باغلىدى.


ئىلگىرى بۇ كەنتتىكى ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ 40 پىرسەنتتىن كۆپرەكى مەكتەپتە ئوقۇمايتتى، ئاتا ـ ئانىلىرى ئۇلارنى قوي ـ كالا بېقىشقا ۋە ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارغا سالاتتى، بەزى باللار كۈن بويى ئويۇن ـ تاماشا بىلەن بەنت ئىدى، خۇسۇسەن قىش كۈنلىرى قىلىدىغان تۈزۈك ئىش بولمىغانلىقتىن، بەزى باللاردا قىمار ئويناش، ئوغرىلىق قىلىشتەك يامان ئەھۋاللار كۆرۈلگەنىدى. ما باۋشياڭ ئاخۇنۇم بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ بەكمۇ بىئارام بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ دائىم ئاتا ـ ئانىلارغا مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئىگەللەشنىڭ مۇھىملىقىنى سۆزلەپ، ئۇلارنى ئۆز پەرزەنتلىرىنى مەكتەپكە ئەۋەتىشكە سەپەرۋەر قىلدى. ئۇنىڭ قايتا ـ قايتا سەپەرۋەر قىلىشى ۋە ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، بۈگۈنكى كۈندە ئوقۇش يېشىغا توشقان باللارنىڭ 95 پىرسەنتى مەكتەپتە ئوقۇيدىغان بولدى. بۇنىڭدىن باشقا، ما باۋشياڭ ئاخۇنۇم يەنە مەسچىتتە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش كۇرسى ئېچىپ، جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم ساۋاتسىز ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە جەلپ قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارغا قارىتا ئەخلاق ۋە قانۇن بىلىملىرى توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ باردى، بۇنىڭدىن بۇ ياش ـ ئۆسمۈرلەر كۆپ مەنپەئەتدار بولدى، بۇ ئىش كەڭ ئاممىنىڭ ئاپىرىن ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولدى، يېزىلىق ھۆكۈمەت بىلەن بازارلىق ھۆكۈمەت ما باۋشياڭ ئاخۇنۇمنى ئاجايىپ كاتتا ئىش قىلدى دەپ تەقدىرلىدى.

ما باۋشياڭ ئاخۇنۇم بۇ يىل 64 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ كۆچەت تىكىپ ئورمان

بىنا قىلىشتىكى غەيرىتى بەزى ياشلارنىڭكىدىن ئېشىپ چۈشتى. ئۇ كەنت ئەتراپىدا 40 مو كېلىدىغان قاقاس يەر بارلىقىنى كۆرۈپ، كەنتكە بۇ يەرنى مەسچىتنىڭ كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىشىغا كۆتۈرە بېرىشنى تەلەپ قىلدى، بۇنى كەنت ۋە يېزا رەھبەرلىرى قوللىدى. شۇنىڭ بىلەن، ما باۋشياڭ ئاخۇنۇم مەسچىت باشقۇرۇش خادىملىرى ۋە يۇرت ئاقساقاللىرىنى باشلاپ، شۇ يەرگە 1986-يىلى 20 نەچچە مىڭ تۈپ كۆچەت تىكتى، 1987-يىلى 35 مىڭ تۈپتىن كۆپرەك كۆچەت تىكتى، جەمئىي 8 مو يەردە كۆچەت ئۆستۈردى، بۇنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى 95 پىرسەنتتىن ئېشىپ كەتتى، يېزىلىق، بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ، ناھىيىلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى ۋە دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىرى ئىككى قېتىم بۇ يەرگە كېلىپ ئېكىسكۇرسىيە قىلدى ۋە ئۇنى تەقدىرلىدى.

بۇ كەنتتە ئالتە مىللەت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى 200 نەچچە مۇسۇلمان ئائىلىسى يېڭى مەزھەپ، كونا مەزھەپ دەپ ئايرىلاتتى، ما باۋشياڭ ئاخۇنۇم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە دىنىي مەزھەپلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. ئۇ دائىم قۇرئان كەرىمدە يېڭى مەزھەپ، كونا مەزھەپ دېگەن گەپ يوق، ھەممىمىز قۇرئاننىلا ئوقۇيمىز، ئاللاتائالادىن كەلگەن ۋەھىي بويىچە ئىتتىپاقلىقنى كۆچەيتىپ، ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىگە بويسۇنۇپ، بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك كەنت بەرپا قىلايلى، دەيدۇ. ما باۋشياڭ ئاخۇنۇمنىڭ ئۈلگە بولۇشى ئارقىسىدا بۇ كەنتنىڭ ئىتتىپاقلىقى كۈندىن-كۈنگە كۈچەيدى.

ما باۋشياڭ ئاخۇنۇمنىڭ ئىش پائالىيەتلىرى تىلغا ئېلىنسا، بۇ كەنتتىكى كادىرلار ۋە ئاممىلار بەردەك ماختايدۇ، ئۇ 1986-يىلى كۆپچىلىك تەرىپىدىن خەلق ۋەكىلى بولۇپ سايلىنىپ، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولدى. كىشىلەر ئۇنىڭدىن ئەمدى يەنە قانداق پىلانىڭىز بار دەپ سورىغاندا، ئۇ: "خەلق ئاممىسى مېنى شۇنچە ھىمايە قىلىدۇ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ماڭا شۇنچە غەمخورلۇق قىلىۋاتىدۇ ۋە مەدەت بېرىۋاتىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن مەن چوقۇم كۈچۈمنىڭ بېرىچە مىللىي-دىنىي سىياسەتلەرنى تەشۋىق قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن ئۆز ھەسسەمنى قوشىمەن" دېدى.



# ئەستايىدىللىق، مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە قىزغىنلىق بىلەن ئىشلەيدىغان ئاخۇن

## — ليۇپەنشۇي شەھرىدىكى لى شىڭگو ئاخۇنۇم توغرىسىدا

ۋۇ چاۋچيەن

لى شىڭگو ئاخۇنۇم ھازىر گۈيجۇ ئۆلكىسى ليۇپەنشۇي شەھرىدىكى مىللەتلەر مېھمانخانىسى مۇسۇلمانلار بۆلۈمىدە ئىشلەيدۇ. نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، ئۇ يېزىلاردىكى خۇيزۇ پەرزەنتلىرى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ يېڭى ئەۋلاد دىنىي خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش، شۇنىڭدەك ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش قاتارلىق جەھەتتە مۇسۇلمانلارغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش جەھەتلەردە ئەمەلىي ئىشلارنى قىلىپ، تۆھپە ياراتتى.

1940 - يىلى، ئۇ گۈيجۇ ئۆلكىسى شۈيچېڭ ناھىيىسى ياڭمېي رايونى تەيشا يېزىسىنىڭ پېڭجيا كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئۈچ ياش چېغىدا دادىسى كېسەل بىلەن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئانىسى بىلەن يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ جاۋتۇڭ ناھىيىسىگە بېرىپ تىلەمچىلىك قىلىپ جان باققان؛ يەتتە يېشىدا مەسچىتتە دىنىي كىتابلارنى ئوقۇغان، كېيىن باشيەن مەسچىتىدىكى ئاتاغلىق ئاخۇن ما ۋېنخەينىڭ قېشىدا يەتتە يىل ئوقۇپ، شۇ مەسچىتنىڭ باشلانغۇچ سىنىپىغا ئەرەبچە مۇئەللىملىككە ئېلىنغان. ئۇ ئەرەبچىنى ئوقۇۋاتقاندا، شۇ مەسچىتتىكى ماسەيجۇن ئاخۇنۇمنىڭ يېنىدا يەنە دىنىي بىلىمدىن دەرس ئالغان.

1958 - يىلى، ئۇ لياۋنىڭ ئۆلكىسى خۇەيرېن ناھىيىلىك قوغۇشۇن - سىنىك مېتاللىچىلىقى مەكتىپىگە ئەۋەتىلىپ، ئىككى يىل ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تەربىيە ئالغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان، تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ خىزمەتچىسى ۋە مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن؛ ئۇ ئاساسلىق ۋاقتىنى ئادەم يېتىشتۈرۈشكە سەرپ قىلغان.

"تۆت كىشىلىك گۇرۇھ" تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، تەيشا يېزىسىدىكى مۇسۇلمانلار باللارنىڭ ئەقلىي پاراستىنى يېتىشتۈرۈپ، مۇسۇلمانلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، مىللىي مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش شۇنىڭدەك ئىسلام دىنى بىلىملىرىنى ئىگەللىگەن، دىنىي قائىدە - يوسۇننى بىلىدىغان ۋە مۇسۇلمانلارغا ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرەلەيدىغان ياش دىنىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، 1978 - يىل 10 - ئايدا لى شىڭگو ئاخۇنۇمنى شۈيچېڭ ناھىيىسىنىڭ پېڭجيا كەنتىدىكى خەلق باشقۇرغان مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلغان. شۇنداق قىلىپ ئۇ خەلق باشقۇرغان مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە دىنىي دەرس ئۆتۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان.

www.uyghurkitap.com

تەيشا يېزىسى خۇيزۇلار ئولتۇراقلاشقان يېزا بولۇپ، كەڭ خۇيزۇ مۇسۇلمانلىرى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردە ئارقىدا قالغان، داۋالاش شارائىتىمۇ ناچار. شۇڭا ھۆكۈمەت كۆپ قېتىم پۇل ئاجرىتىپ، دوختۇرخانا ۋە مەكتەپ سالدۇرغانىدى. ئەينى چاغدا، يېزا بويىچە بىر تولۇق باشلانغۇچ مەكتەپ، يېڭجىيا كەنتى، شياۋلۇگىتەن كەنتى ۋە بۇجىيا كەنتىدە بىردىن ئۈچ خەلق باشقۇرىدىغان مەكتەپ بولۇپ، جەمئىي تۆت مەكتەپ بار ئىدى. لى شىڭگو ئاخۇنۇم يېڭجىيا يېزىسىغا كەلگەندىن كېيىن، ئوقۇتۇش ئىشىنى تىرىشىپ ئىشلىگەن ۋە ئوقۇغۇچىلارنى ئاسرىغان. ئۇ دەرس تەييارلاش، دەرس ئۆتۈش ۋە تاپشۇرۇقلارنى كۆرۈش ئىشلىرىنى ئەستايىدىل ئىشلىگەندىن باشقا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىيىم-كېچەك قاتارلىق ئىشىغىمۇ كۆڭۈل بۆلگەن. ئۇ تۇرغان مەكتەپ كۆپ يىلدىن بېرى رېمونت قىلىنمىغانلىقتىن، دەرسخانىلار كونىراپ كېتىپ، بوران ۋە يامغۇرغا دالدا بولالماي، ئوقۇغۇچىلار سوغۇقتا قالاتتى. ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ نورمال ئوقۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۆزى ئۆگزىگە چىقىپ رېمونت قىلغان، دەرسخانىدا ئوت قالىغان، ئوقۇغۇچىلاردىن قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن ئوقۇشقا كېلەلمىگەنلەرنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئەھۋال ئۇققان ۋە ئوقۇغۇچى ھەم ئاتا-ئانىلىرىغا خىزمەت ئىشلىگەن.

1985-يىلى قىش پەسلىدە، 4-يىللىق سىنىپتىكى ئەلاچى ئوقۇغۇچى ما يۈكچۈەن تۇيۇقسىزلا ئۇدا بىرنەچچە كۈن مەكتەپكە كەلمىگەن، ئۇ ئۇقۇپ باقسا، ئوقۇغۇچىنىڭ ئاتا-ئانىسى بالام جاپا چېكىپ ئوقۇپ، كېيىن يۇقىرى مەكتەپكە كىرىش ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمەي قالسا، ئوقۇغىنى بىكارغا كەتمەمدۇ دەپ، بالىسىنى مەكتەپكە ئەۋەتمەپتىكەن. ئۇ قاتتىق سوغۇققا قارىماي پۇتىغا كۆلا باغلاپ، دەرھال 10 چاقىرىم يىراقلىقتىكى شۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئاتىسى ما شيەنلياڭغا ساۋاتسىزلىقنىڭ دەردىنى سۆزلەپ بەرگەن، مۇبادا يۇقىرى مەكتەپكە ئۆتەلمەي قالغان تەقدىردىمۇ، بىلىم ئىگەللىۋالسا پايدىسى بولىدىغانلىقى، ئىستىقبالى بارلىقىنى چۈشەندۈرگەن. قايتا-قايتا سەپەرۋەر قىلىش ئارقىسىدا، ماشيەنلياڭ ئەر-خوتۇن بالىسىنى داۋاملىق مەكتەپكە ئەۋەتىشكە قوشۇلغان. خۇيزۇ ۋاليۇشۇنىنىڭ قىزى ۋاخۇك 3-يىللىق دېگەن سىنىپتا ئوقۇپ، نەتىجىسىمۇ ناھايىتى ياخشى بولغان. لېكىن ئۇنىڭ ئانىسى قىز بالا كېيىن بەرىبىر ئەرگە تېگىدۇ، ئوقۇش ئەسقاتمايدۇ دەپ قاراپ، قىزىنى ئوقۇشقا ئەۋەتمىگەن، لى شىڭگو ئاخۇنۇمنىڭ نەسىھەت قىلىشى بىلەن، ئاتا-ئانىسىنىڭ كاللىسىدىن ئۆتۈپ، ۋاخۇكمۇ داۋاملىق مەكتەپكە بارىدىغان بولغان. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ ئۈزلۈكسىز تۈردە بالىلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرىغا نەسىھەت قىلىشى ئارقىسىدا، ئوقۇش يېشىغا توشقان بالىلار كۆپلەپ ئوقۇشقا بارىدىغان بولغان. ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 20 نەچچىدىن كۆپىيىپ 90 نەچچىگە يەتكەن. يېزىلىق ھۆكۈمەت بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، باشقا بىر نەچچە مەكتەپتىن ئوقۇتقۇچى يۆتكەپ بۇ مەكتەپنى تولۇقلىغان. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇتۇش كۈچى كۈچەيگەن، لى شىڭگو ئاخۇنۇمنىڭ قىزغىنلىقى تېخىمۇ ئۆسكەن. لى شىڭگو ئاخۇنۇم ئۆزلۈكىدىن باشقا ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ۋە ھەمكارلىشىپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرگەن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتۈش نىسبىتى

يىلدىن ـ يىلغا ئۆسۈپ بېرىپ، يېزا بويىچە بولغان بىرتۇتاش ئىمتىھاندا بۇ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ نەتىجىسى ئەلا بولغان.

بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىتاب پۇلىنى تۆلەش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، لى شىگو ئاخۇنۇم بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلاردىن كىتاب پۇلى ئېلىشنى ئازايتىش ھەتتا كېچىرىم قىلىشنى تەكلىپ قىلغان، ئوقۇتقۇچىلارنى مائاشىدىن ئازراق پۇل چىقىرىپ ياردەم قىلىشقا دەۋەت قىلغان، بۇ تەكلىپ باشقا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن.

مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن، 1983 ـ يىلى، لى شىگو ئاخۇنۇم بىر يىللىق چوڭلار كەچكى كۇرس ئېچىپ، ساۋات چىقىرىش ئىشىنى ئېلىپ بارغان، بۇنىڭغا 24 ئادەم قاتناشقان. ئۇنىڭ تىرىشچانلىق بىلەن دەرس ئۆتۈشى ئارقىسىدا 12 ئادەم ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ، ساۋاتسىز دېگەن قالپاقنى چۆرۈپ تاشلىغان. شۇنىڭ بىلەن لى شىگو ئاخۇنۇم رايونلۇق مائارىپ گۇرۇپپىسىنىڭ تەقدىرلىشىگە ۋە مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشكەن، شۇنداقلا ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا سازاۋەر بولغان.

لى شىگو ئاخۇنۇم مەدەنىيەت ئوقۇتۇش ئىشىنى ئوبدان ئېلىپ بېرىش بىلەن بىرگە، 1980 ـ يىل 10 ـ ئايدىن باشلاپ، بەش يىللىق ئىسلام دىنى بىلىمى سىنىپىنى ئاچقان، ئۇ ئىشتىن سىرتقى ۋاقتتىن پايدىلىنىپ، بۇ سىنىپقا ئۆز ئىختىيارى بىلەن تىزىمغا ئالدۇرغان 40 نەچچە كىشىگە ئەرەبچىدىن ۋە ئىسلام بىلىمىدىن دەرس ئۆتكەن، دىنىي سىياسەتنى چۈشەندۈرگەن. بەش يىل ئوقۇتۇش ئارقىلىق ھەم دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى بىلدۈرگەن، ھەم ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدە، قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىگىلىگەن، دىنىي ئىشلارنى باشقۇرالايدىغان 21 ياش دىنىي خادىمنى يېتىشتۇرۇپ چىققان. ئۇلار ئۆز يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن، ئىمام بولمىغان يەرلەردە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن قىرائەت قىلىش، قوي، كالا سويۇشتەك ئىشلارنى قىلىپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن، بۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يىتىم ئىشلىرىدىكى قىيىنچىلىقى ھەل بولۇپ، باشقا جاي ۋە ئۆلكىلەرگە بېرىپ ئىمام تەكلىپ قىلىدىغان ئىش تۈگىگەن. بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش جەھەتلىرىدە كۆپ ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بەرگەن، بۇنىڭدىن ئامما ناھايىتى رازى بولغان.

1987 ـ يىلى، ئۇ ليۇ پەنشۈي شەھىرىدىكى مىللەتلەر مېھمانخانىسىغا تەكلىپ قىلىنغان. يېڭى ئىش ئورنىدا، ئۇ ئۆزىنى ئاخۇن دەپ چوڭ تۇتماي، كۆپچىلىكتىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگەنگەن، تۆرلۈك خىزمەتنى ئىخلاس بىلەن ئاڭلىق ئىشلىگەن.

لى شىگو ئاخۇنۇم مۇسۇلمانلار ئۈچۈن قىزغىن ئىشلەيدۇ. مەيلى شەھەر رايونى ۋە شەھەر ئەتراپ رايونىدىكى مۇسۇلمانلار بولسۇن، ياكى ۋا گجياجەي، داخې ۋە لاۋ يىڭشەن قاتارلىق كۆمۈركان رايونىدىكى مۇسۇلمانلار بولسۇن توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم، ھېيت ـ ئايەم قاتارلىق ئىشلاردا ۋە باللىرىغا ئىسىم قويۇشتا تەكلىپ قىلسىلا، ئۇ ياق دېمەي، ئۇلارنىڭ تەلىپىنى بىجا كەلتۈرۈپ، خىزمىتىگە تەسىر يەتكۈزمىگەن ئەھۋالدا دەرھال بېرىپ، ئاخۇنلۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

1987-يىل 1-ئايدا، ۋاڭجياجەي كۆمۈركانىدىكى ۋاڭ پامىلىلىك بىر خۇيزۇ ئىشچى خىزمەتتە قازا تاپقاندىن كېيىن، ئۆلۈم ئۈزىتىپ بېرىشكە كاندىكىلەر لى شىڭگو ئاخۇنۇمنى تەكلىپ قىلىشقىلى كەلگەن، شۇ چاغدا ھاۋا قاتتىق سوغۇق، يەنە كېلىپ ئۇ زۇكام بولۇپ قالغانىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ كەلگەن كىشى بىلەن كۆمۈركانىغا بېرىپ، دىنىي ئادەت بويىچە ئۆلۈم ئۈزىتىش ئىشىنى ئوبدان بېجىرىپ بەرگەن.

ھېيت-ئايەم كۈنلىرى، ئۇ كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ بايرىمىنى ياخشى يەپ، خۇشال-خۇرام ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن، يېمەكلىكلەر شىركىتىگە ياردەملىشىپ مۇسۇلمانلارغا گۆش سېتىشىپ بەرگەن، بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارنى ئاخۇن بوغۇزلىمىغان قوي-كالا گۆشىمىكىن دېگەن ئەندىشىدىن خالاس قىلىپ، كۆپچىلىكنى رازى قىلغان.

ئۆتكەن يىل 6-ئايدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئۈرۈمچى شەھەرلىك سەنئەت ئۆمىكى يۈننەن لاۋشەن ئالدىنقى سەپكە ھال سورىغىلى كېتىۋېتىپ شۈيچېڭدىن ئۆتكەندە بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ قالغاندا، ئۇلارنىڭ تاماق مەسىلىسىگە مېھمانخانىنىڭ مۇسۇلمان بۆلۈمى مەسئۇل بولغان. مېھمانلارنىڭ تامىقىنى لى شىڭگو ئاخۇنۇم ئۆزى تەييارلاپ بەرگەن، بۇنىڭدىن مېھمانلار تەسىرلىنىپ، مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنىڭ قىزغىن كۈتۈۋالغىنىغا كۆپ رەھمەت-ھەشقەللا ئېيتقان.

لى شىڭگو ئاخۇنۇم پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىنى ئاكتىپلىق بىلەن ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسكە بولغان چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ بارغان، سىياسەتتە چىڭ تۇرغان، ئىنتىزامغا رىئايە قىلغان. ئۇ ھەر كۈنى ئۆز ياتىقىدا نامازنى تاشلىماي ئوقۇغان؛ رامىزان ئېيىدا ئاغرىق ھالدا روزا تۇتقان. ئۇ ھەرقانداق ئىشنى سىياسەت ۋە دىنىي ئەقىدە بويىچە قىلغان.

لى شىڭگو ئاخۇنۇم ئاكتىپلىق ھالدا جەمئىيەت ئامانلىقى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىغان. ئۆتكەن يىل 7-ئايلاردا، جاۋتۇڭ ۋىلايىتىدىكى لۇديەن ناھىيىسىدىن كەلگەن بىر كىشى ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئىتتىپاقلىققا ۋە تىنچ بولۇشقا پايدىسىز بولغان گەپ-سۆزلەرنى قىلغاندا، ئۇ ھېلىقى كىشىگە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە ئىشىنىش كېرەكلىكى، دىنىي قائىدە بويىچە ئىش قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا نەسىھەت قىلىپ، داۋلىنى چۈشەندۈرگەن، ھېلىقى كىشى خىجىل بولۇپ كېتىپ قالغان. بۇ بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، شۈيچېڭ ناھىيىسىدىكى كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە دىنىي پائالىيىتى نورمال بولۇپ كەلگەن.

# شۇنخۇا، خۇالۇڭ ناھىيىلىرىدە ئاخۇنلاردىن ئىمتىھان ئېلىندى

1987-يىل 12-ئايدا، چىڭخەي ئۆلكىسى شۇنخۇا سالا ئاپتونوم ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى بىلەن خۇالۇڭ خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئۆز تەۋەلىرىدىكى مەسچىتلەرنىڭ ئىمامى ۋە ئىمام بولمىغان ئاخۇنلاردىن دىنىي بىلىم ۋە سىياسەت بىلىملىرىدىن ئىمتىھان ئېلىپ، روشەن ئۈنۈم ھاسىل قىلدى، بۇ ئىش دىنىي ساھەدىكى زاتلار ۋە كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

شۇنخۇا ۋە خۇالۇڭ ناھىيىلىرىدە ئاخۇنلار بىر قەدەر كۆپ. يېقىنقى ئىككى يىلدىن بېرى، دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، دىنىي خادىملەرنىڭ سانىمۇ بىر قەدەر تېز كۆپىيىپ باردى. لېكىن ئايرىم ئاخۇنلارنىڭ دىنىي بىلىمى ۋە سىياسەت سەۋىيىسى تۆۋەنرەك بولغانلىقتىن، ئۇلار دىنىي پائالىيەتلەرنى باشقۇرۇشتا بەزى خاتا گەپ-سۆزلەرنى تارقىتىپ، دىنىي مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدا ۋە مىللەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا بەزى ئىناقسىزلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، جەمئىيەت تەرتىپىنىڭ تىنچ بولۇشىغا بەزى يامان تەسىرلەرنى بېرىپ قويدى. مەسچىتلەردە ئىمام بولۇۋاتقان ۋە ئىمام بولمىغان ئاخۇنلارنىڭ دىنىي بىلىم سەۋىيىسى ۋە سىياسەت سەۋىيىسىنى ئىگىلەش ھەمدە بىلىمى كۆپ، پەزىلىتى ياخشى ئاخۇنلارنى دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، بۇ ئىككى ناھىيە ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئاخۇنلاردىن ئومۇميۈزلۈك ئىمتىھان ئالدى.

ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق دىنىي خادىملارنىڭ دىنىي بىلىمى ئاشتى، سىياسەت سەۋىيىسى ئۆستى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ئىناۋىتىمۇ ئۆستى؛ ئىككى ناھىيىدىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرىمۇ ئۆز ناھىيىسىدىكى ئاخۇنلارنىڭ ئېنىق سانى، ئاخۇنلارنىڭ بىلىم سەۋىيىسى ۋە مەدەنىيەت ساپاسىنى ئىگىلەپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەرنى تېخىمۇ ئوبدان ئىشلەش ئۈچۈن پايدىلىق شەرتلەرنى ھازىرلىدى.

(ماۋ يىجۈڭ)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# قىممەتلىكى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشتە

يۇسۇف. مالىچياڭ

ئۇلۇغ خۇدا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن: "كىشىلەرنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ ئۆزەڭلارنى ئۇنتۇمسىلەر؟ ھالبۇكى، سىلەر كىتاب (يەنى تەۋرات)نى ئوقۇپ تۇرسىلەر، چۈشەنمەمسىلەر؟" (2 ـ سۈرە، 44 ـ ئايەت)

بۇ ئايەتتىن شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، بەزىلەر دائىم ئۆزىنى سەممىمىي تەقۋادار ھېسابلىشىدۇ. ئۇلار ھەمىشە باشقىلارنى ئىمانىنى ساقلاشقا ۋە ساۋابلىق ئىش قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، ئۆزلىرى بولسا خالىغىنىنى قىلىدۇ. ئاللانىڭ ئەمرىنى خالىغانچە بۇرمىلاپ، ھەدىسكە خىلاپلىق قىلىدۇ؛ ئۇلار باشقىلارنى خۇداغا ئىبادەت قىلىشقا، ئۇرۇغ-تۇغقانلارنى يوقلاشقا، بەندىلەرگە ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، ئۆزلىرى بولسا ئۈلگە بولالمايدۇ، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويالمايدۇ. بۇنداق ئادەملەرنىڭ تىلى بىلەن دىلى، سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇنداق قىلىقلىرىنىڭ قانچىلىك خاتا ئىكەنلىكىنى راستىلا بىلمەمدۇ؟ بىلىدۇ، ئۇلار ئايەتنى ئوبدان بىلىدۇ، دىنىي كىتابلارنى ئوقۇيدۇ، ئۇلارنىڭ دىنىي تەلىملەردىن ئوبدان خەۋىرى بار. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلار دىنىي قائىدىلەرگە قەستەن خىلاپلىق قىلىدۇ. بۇنداق ئادەملەر سېپى ئۆزىدىن بولغان "ساختا مۆمىنلەر"دۇر. يۇقىرىقى قىممەتلىك ئايەتتە قۇدرەتلىك خۇدا بۇنداق ئادەملەرنى قاتتىق ئەيىبلىگەن ۋە سۆككەن. چۈنكى بۇنداق ئادەملەر ئەمەلىيەتتە ئالدامچىلىقتا ئۇچىغا چىققان بولىدۇ. ئۇلار "رەھىمدىل، ئەخلاق" دېگەننى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي، ئۆزلىرىنىڭ رەزىل روھىي دۇنياسىنى نىقابلايدۇ. ئەمما ئۇلار خۇدانى ئالدىيالمايدۇ، چۈنكى خۇدا ئۇلارنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن رەزىللىكلىرىنى ئوچۇق كۆزىتىپ تۇرىدۇ.

ئۇنداق ئىكەن، ھەقىقىي تەقۋادار مۆمىن ھەرگىز ئۇنداق ئادەملەر بىلەن ھەمنەپەس بولماسلىقى، ئۇلار بىلەن ئۆزىنى تەڭ ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويماسلىقى كېرەك. تەقۋادار مۇسۇلمان ئېسىل خىسلەتكە ئىگە بولۇشى، ھەرىكىتى سەممىمىي بولۇشى كېرەك. ئىسلام دىنى كىشىلەرنىڭ سەممىمىي، راستچىل، سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولۇشىنى، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ، ساختىلىق، شۇملۇققا، تىلى بىلەن دىلى بىردەك بولماسلىققا، باشقىلارغا زىيان سېلىش ھېسابىغا ئۆزى پايدا ئېلىشقا قارشى تۇرىدۇ. شۇڭا سەممىمىي مۆمىن بولۇپ چىقىش ئۈچۈن، خۇدانىڭ ئەمرىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، مۇقەددەس پەرزلەرنى ئوبدان ئادا قىلىش لازىم. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: "ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى ئاللاغا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا ئاللاغىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى." (98 ـ سۈرە، 5 ـ ئايەت)

تۆۋەندە مەن ئىسلام دىنىدا تەشەببۇس قىلىنىدىغان ساۋابلىق ئىش قىلىش دېگەن سۆز زادى قانچە ئاساسلىق تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى ئۈستىدە توختىلىمەن:

## 1. خۇداغا ئىبادەت قىلىش:

بۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ تۈپ ئەقىدىسى. ئىسلام دىنىدا مۇسۇلمانلاردىن ھەممىدىن ئاۋۋال ئىمانىنى پاك تۇتۇش، ئۆزىنىڭ سۆز - ھەرىكىتىگە نىيەتنى دۇرۇس تۇتۇپ يېتەكچىلىك قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. خۇداغا ئىبادەت قىلىشتا ھۆرمەتلەش ۋە قورقۇش ھېسسىياتىدا بولۇش، باشقىلارنى ياخشى ئىش قىلىشقا بۇيرۇش، يامان ئىش قىلغانلارنى توسۇش، ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىش، ئاللانىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىپ، مۇقەددەس پەرزلەرنى ئادا قىلىش لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا يامانلىقنى تۈگىتىپ، ئۆز ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرگىلى بولىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: "مۇسۇلمانلار ھۆرمەتلەش، قورقۇش بىلەن ئۈمىد ئوتتۇرىسىدا تۇرىدۇ" دېگەنىدى. ھۆرمەتلەش، قورقۇش خۇداغا ئىبادەت قىلىش، خۇداغا ئىتائەت قىلىش دېمەكتۇر. ئۈمىد دېگەنلىك خۇدادىن مېھرىبانلىق ۋە ئىلتىپات تىلەش دېگەنلىكتۇر. بۇ ھال خۇداغا ئىبادەت قىلىشنىڭ بىردىن بىر توغرا يول ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېيىلگەن: "پەقەت ئاللا ياد ئېتىلسە دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، ئاللانىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان، پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەرلا (كامىل) مۆمىنلەردۇر. ئەنە شۇلار ھەقىقىي مۆمىنلەردۇر، ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە، مەغپىرەتكە ۋە ئېسىل رىزىققا ئېرىشىدۇ." (8 - سۈرە 2 - 4 - ئايەتلەر) ئەمما بەزىلەر خۇداغا ئىشىنىمەن دەيدۇ ھەمدە باشقىلارنى خۇداغا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، ئۆزى بولسا ھەرىكىتىدە ئۈلگە كۆرسەتمەيدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئېتىقادى ئاجىز مۆمىنلەردۇر، چۈنكى ئۇلار ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئۇنتۇپ قالغان. ئۇلار ئۆز ھەرىكىتىنىڭ ئىمان جۈملىسىگە كىرىدىغانلىقىنى بىلمەي قالمايدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىگە ئاشۇنداق تەلەپ قويمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ دەردىنى تارتىدۇ.

## 2. يېقىن ئۇرۇغ - تۇغقانلارغا ياردەم قىلىش:

بۇمۇ ئىسلام ئەخلاقىنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرىنىڭ بىرى. خۇدا ئۆز بەندىلىرىنى يېقىن ئۇرۇغ - تۇغقانلىرى ئارىسىدىكى نامراتلارغا ياردەم بېرىشكە، تۇرمۇشتا يۆلەنچىكى يوق بارلىق كىشىلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا، كەمبەغەللەرنى يامان كۆرىدىغان، بايلارنى قەدىرلەيدىغان ئىشنى قىلماسلىققا چاقىرىپ، قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: "ئاتا - ئاناڭلارغا، خىش - ئەقرىبالىرىڭلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، يېقىن قوشنىغا، يىراق قوشنىغا، يانىدىكى ھەمراھقا (سەپەرداش، ساۋاقداشقا)، مۇساپىرغا، قول ئاستىڭلاردىكى قۇل - چۆرىلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار." (4 - سۈرە، 36 - ئايەت) مۇھەممەت ئەلەيھىسسالاممۇ مۇنداق دېگەن: "كىم خۇداغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن، شۇ يېقىن قوشنىسىغا ھۆرمەت قىلىشى، مېھمانلارغا ئوبدان مۇئامىلىدە بولۇشى، تۇغقانلىرىغا ياردەم بېرىشى لازىم." ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: "سىلەر كېيىنكى ئەۋلادلىرىڭلارغا ئۇرۇغ - تۇغقانلارغا ياردەم بېرىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىڭلار. چۈنكى ئۇرۇغ - تۇغقانلارغا ياردەم بەرگەنلەرنىڭ ئائىلىسى ئىناق، مال - دۇنياسى زىيادە، ئۆمرى ئۇزۇن بولىدۇ."

«قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس» نىڭ يۇقىرىدىكى تەلىملىرىدىن شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، مۇسۇلماندا ھېسداشلىق، مېھرىبانلىق قىلىدىغان قەلب بولۇشى لازىم. ئۇلار ئۆز ئائىلىسىدىكى كىشىلەرگە رەھىمسىزلىك قىلماسلىقى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى خارلىماسلىقى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى بەختلىك، ئائىلىسى ئىناق بولالايدۇ، بۇ دۇنيادا خاتىرجەم، خۇشال ئۆتەلەيدۇ.

## 3. كىشىلەرگە ئوبدان مۇئامىلە قىلىش:

بۇمۇ مۇسۇلمانلار ئەخلاقىنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرىدىن بىرى. مۇسۇلمان بولغان كىشى كىشىلەرگە ئادىل مۇئامىلە قىلىشى — كىشىلەرگە ياردەم بېرىشى ۋە كىشىلەرنى يامان ئىشلاردىن قول ئۈزۈشكە سەممىيەتلىك بىلەن ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇشى، باشقىلارغا زىيان سېلىش ھېسابىغا ئۆزى پايدا ئالىدىغان، يامان تىل بىلەن باشقىلارنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىدىغان ئىشنى قەتئىي قىلماسلىقى لازىم. ئۇلار باشقىلار قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە قىزغىن ياردەم بېرىشى، باشقىلار بىلەن ۋەدىلەشكەن ئىشلاردا لەۋزىدە تۇرۇشى، باشقىلارنىڭ ياردىمى تەگكەندە ياردەم قايتۇرۇشى، باشقىلاردىن سەۋەنلىك ئۆتۈلگەندە، ياخشى سۆز بىلەن نەسىھەت قىلىشى، باشقىلار يولدىن ئازغاندا، سەممىي نىيەت بىلەن توغرا يولغا يېتەكلىشى لازىم. قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېيىلىدۇ: "سىلەرگە بىر كىشى سالام بەرسە، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشى سالام بىلەن جاۋاب قايتۇرۇڭلار ياكى ئۇنىڭ سالىمىنى ئەينەن قايتۇرۇڭلار." (4-سۈرە، 86-ئايەت) مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "سىلەر خۇدانى ھۆرمەتلىسەڭلار، مىسكىنلەرگە ئاش-تاماق بەرسەڭلار ۋە تىنچلىقنى تارقاتساڭلار جەننەتكە كىرىسىلەر."

يىغىپ ئېيتقاندا، مۇسۇلمان بولغان كىشى ساۋابلىق ئىش قىلىشنىڭ يۇقىرىقى بەلگىلىمىلىرىگە قاتتىق ئەمەل قىلىشى، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلماسلىقى كېرەك، بىز باشقىلارغا يۇقىرى ئۆلچەم بويىچە تەلەپ قويۇپ، ئۆزىمىزگە تۆۋەن ئۆلچەم بويىچە تەلەپ قويىدىغان ئىشنى قىلماسلىقىمىز لازىم، بۇنداق قىلىش خۇدانىڭ ئەمرىگە خىلاپ، ئۇنداق قىلغانلار خۇدانىڭ نەپرىتىگە ئۇچرايدۇ ۋە ئۇ دۇنيادىمۇ تېگىشلىك جازاغا تارتىلىدۇ، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "دۇرۇس، سەممىي بولۇش كىشىنى ئاق كۆڭۈل بولۇشقا باشلايدۇ، ئاق كۆڭۈل ئادەم جەننەتكە كىرىدۇ. بىر ئادەم سەممىيەتلىكنى تاللىسا، سەممىي بولسا، خۇدا ئۇنى سەممىي بەندە دەپ قارايدۇ." شۇڭا بىز ئۆز مەسئۇلىيىتىمىز ۋە مەجبۇرىيىتىمىزنى ھەر ۋاقىت ئەستە چىڭ ساقلىشىمىز، باشقىلارنىلا ياخشى ئىش قىلىشقا بۇيرۇپ، ئۆزىمىزنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز لازىم. چۈنكى ئۇنداق قىلىق ساختا مۆمىنلەرنىڭ قىلىقى بولۇپ، خۇدانىڭ غەزىپىنى قوزغايدۇ. شۇڭا بىز يۇقىرىدىكى ئايەتلەرنى ئەينەك قىلىپ، تىرىشىپ ئۆزىمىزدە ئېسىل پەزىلەت يېتىشتۈرۈپ، ئۆز ھەرىكىتىمىزنى چەكلەپ تۇرۇشىمىز لازىم. ئاخىردا خۇدانىڭ ھەممەيلەنگە مۇكەممەل مۇسۇلمانچىلىق ئاتا قىلىشىنى تىلەيمەن. ئامىن!

(بۇ — جۇڭگو ئىسلام دىنى شۆيۈەنىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدا تۇرغان ئوقۇغۇچىسى مالىچياڭنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش يۈزىسىدىن يازغان ماقالىسى)

# چاسۇچى مەسچىتىدە بولغان خۇشاللىنارلىق ئۆزگىرىشلەر

## جىڭ يۇڭۋاڭ

ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىگىز-پەس كەلگەن ۋە ئۇزۇن سوزۇلغان يىڭشەن تېغىنىڭ باغرىغا، كۆكخوت-باۋتو تاشيولىنىڭ بويىغا جايلاشقان سول تۇمەت خوشۇنلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق چاسۇچى بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىدا، چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ يىللىرىدا قۇرۇلغان ھەيۋەتلىك قەدىمكى ئىمارەت، يەنى بېيجىڭ-باۋتو تۆمۈر يولى بويىدا داڭقى چىققان چاسۇچى مەسچىتى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.

مەسچىت ئەتراپىدا 180 نەچچە ئائىلىلىك خۇيزۇ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانى 900 نەچچىگە يېتىدۇ.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاش ئارقىسىدا، مىللىي ۋە دىنىي سىياسەتلەر ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى؛ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇشقا ئەگىشىپ، بۇ مەسچىتتىمۇ خۇشاللىنارلىق ئۆزگىرىشلەر بولدى.

مەسچىتتىكى قۇدۇق يەر ئاستى سۈيىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى تۈپەيلىدىن قۇرۇپ كەتكەنىدى، شۇڭا ھەركۈنى 10 نەپەر ياش نۆۋەتلىشىپ ئىككى چاقىرىم يىراقتىكى خىمىيۋى ئوغۇت زاۋۇتىدىن سۇ ئەكىلەتتى، مەسچىتتە سۇ بەك قىس بولۇپ كەلگەنىدى. كېيىن خوشۇنلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، سىياسىي كېڭەش ئەزاسى ۋە مەسچىتنىڭ ئىمامى ليۇ يۆچى ئاخۇنۇم يۇرت ئاقساقاللىرى بىلەن بىرلىكتە ئىككى قېتىم بازار خەلق گۇڭشېسى ۋە خوشۇنلۇق ھۆكۈمەتكە بۇ ئەھۋالنى پائال ئىنكاس قىلغاندىن كېيىن، خوشۇنلۇق ھۆكۈمەت مەخسۇس 27 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ ئېلېكتر قۇۋۋىتى بىلەن سۇ تارتىدىغان بىر قۇدۇق (مىللىي قۇدۇق دېگەن نام بېرىلگەن) كولىتىپ، ئۇنىڭغا سۇ تارتىدىغان ئەسۋابلار ئورنىتىپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن بازاردىكى نەچچە مىڭ ئائىلىلىك ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئىچىدىغان سۇ مەسىلىسى ھەل بولدى، شۇنداقلا مەسچىتنىڭ سۇ ئىشلىتىشىگىمۇ ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىلدى.

بازادا مۇسۇلمانلار سانىنىڭ كۆپىيىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، مەسچىتنىڭ كونا خانىقاسى دىنىي پائالىيەتنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالماي، روزا ھېيت ۋە مەۋلۇت كۈنلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى بورانلىق كۈنلەردە ياكى ئاپتاپتا قورودا ناماز ئوقۇشقا مەجبۇر بولاتتى. مۇشۇ ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، بازاردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىئانە توپلىشى بىلەن، 1982-يىلى خانىقا ۋە كارىدورنى 150 كۋادرات مېتىر كېڭەيتىپ، 400 دىن ئارتۇق ئادەم ناماز ئوقۇيالايدىغان بىر خانىقا سېلىندى. شۇنىڭ بىلەن ناماز ئوقۇغاندا يامغۇردا ۋە ئاپتاپتا قالىدىغان كۈنلەر كەلمەسكە كەتتى.

www.uyghurkitap.com

سۇ مەسىلىسىمۇ ھەل بولدى، خانىقامۇ كېڭەيتىپ ياسالدى، ئەمما، مۇسۇلمانلارنىڭ يەنە غېمى بار ئىدى، ئۇ بولسىمۇ 50 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان سەراپ بەكمۇ كىچىك ئىدى. ھېيت-ئايەم كۈنلىرىدە قىستا-قىستاڭ بولۇپ كېتەتتى. جامائەت ئەرلەر بىلەن ئاياللارغا ئايرىم سەراپ سېلىشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ تەلپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، شەھەرلىك ھۆكۈمەت 30 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ بەردى، خوشۇنلۇق ھۆكۈمەت ئاساسلىق قورۇلۇش ماتېرىياللىرىنى تەستىقلاپ بەردى. رەھبەرلەرنىڭ غەمخورلۇق قىلىشى ۋە يۇرت ئاقساقاللىرىنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، بەش ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت قاتتىق ئىشلەش بىلەن، كەڭ-ئازادە، يورۇق ۋە پار تۇرۇبىلىرى ئورنىتىلغان، كۆلىمى 250 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئەرلەر سەراپى ۋە ئاياللار سەراپى سېلىندى. ئەمدىلىكتە قاتتىق سوغۇق بولغان قىش كۈنلىرىمۇ، ھاۋاسى يېڭى سەراپقا كىرسىڭىز دەرھال ئازادىلىك ھېس قىلىپ، خۇددى باھار كۈنلىرىدە تۇرغاندەك بولىسىز.

ئەرلەر سەراپىدا غۇسلى قىلىدىغان 10 ئېغىز ئۆي، تاھارەت ئالىدىغان يەتتە ئېغىز ئۆي بار؛ ئاياللار سەراپىدا تۆت غۇسلى قىلىدىغان ئۆي بار.

قورۇلۇش پۈتتۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن كۈنى، مەسچىتتە رەڭگارەڭ بايراقلار لەپىلدەپ، كەڭ مۇسۇلمانلار ھاياجانلىنىپ، قېرى-ياشلار جەم بولۇپ كاتتا مەرىكە ئۆتكۈزدى، شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ۋە شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى، باۋتو ۋە كۆكخوتتىكى ھەرقايسى جامەلەرنىڭ ۋەكىللىرى كېلىپ تەبرىكلىدى.

سەراپ سېلىنىش جەريانىدا (7-ئايدا) كۆكخوت شەھەرلىك تاشقى ئىشلار باشقارمىسى بىلەن شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خادىملىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئامېرىكىلىق، ئىتالىيىلىك ۋە تۈر-كىيىلىك ئۈچ نەپەر ئىسلام ئۆلىماسى مەسچىتكە كېلىپ ئېكىسكۇرسىيە قىلدى ۋە مەسچىتتە تاھارەت ئېلىپ پېشىن نامىزىنى ئوقۇدى. ئۇلار يۇرت ئاقساقاللىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، باش بارمىقىنى چىقىرىپ خۇشاللىق بىلەن: "ئەلھەمدۇلىللا، ھۆكۈمەتلىرىڭلارغا رەھمەت" دېيىشتى. ساھىپخان ئۆز جايىدىن چىققان قوغۇن-تاۋۇزلار بىلەن يىراقتىن كەلگەن مېھمانلارنى كۈتۈۋالدى.

چاسۇچى مەسچىتىدىكى ئاخۇن ۋە يۇرت ئاقساقاللىرى يېقىندا «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ «مەخسۇس» سانىغا بېسىلغان مۇناسىۋەتلىك ماقالىلەرنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، چاسۇچى مەسچىتىمۇ "چىقىمنى ئۆز كىرىمى بىلەن قامداش"تىن ئىبارەت ئىسلاھات يولىغا مېڭىش؛ 1988-يىلى ئىچىدە مەسچىتنىڭ غەربىي تېمىنىڭ سىرتىدا 10 ئېغىزلىق مۇسۇلمانلار ماگىزىنى، مۇسۇلمان ئاشخانىسى سېلىپ، گۆش، تاتلىق يېمەكلىكلەر سېتىش، ئۇزۇنىغا 20-30 نەپەر ئىش كۈتۈپ تۇرغان خۇيزۇ ياشنى قوبۇل قىلىش، شۇنىڭ بىلەن پەيدىنپەي مەسچىتنىڭ چىقىمىنى ھەل قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىشكە تىرىشىش قارارىغا كەلدى.

كەڭ مۇسۇلمانلار چاسۇچى مەسچىتىدە بولغان مۇشۇ خۇشاللىنارلىق ئۆزگىرىشلەر پارتىيىنىڭ مىللىي، دىنىي سىياسەتلىرىدىن، شەھەرلىك، خوشۇنلۇق ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىدىن كەلگەن؛ بۇنىڭدىن كېيىن، بىز چوقۇم كەڭ مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە قانۇن-ئىنتىزامغا رىئايە قىلىپ، تىنچ، ئىتتىپاقلىقنى ئوبدان يولغا قويۇپ، شەھەر ۋە خوشۇنغا شان-شۆھرەت كەلتۈرىمىز، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قورۇلۇشىغا تېخىمۇ كۆپ ھەسسە قوشىمىز دەپ ئىپادە بىلدۈرۈشتى.

# ھەج-تاۋاپ داۋامىدىكى ساقلىقنى ساقلاش ۋە داۋالاش خىزمىتى ھەققىدە

جىن خۇيمىڭ

ئاللاتائالاغا شۈكرى، مەن 1987-يىلى جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ھەج ئۆمىكىنىڭ دوختۇرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ھەج پەرزىنى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنلىدىم. بۇ نۆۋەت ھەم كۆپ يىللىق ئارزۇيۇمغا يەتتىم، ھەم ھاجىلارنىڭ سالامەتلىكىنى ساقلاش-كېسەلنى داۋالاش جەھەتتە بەزى خىزمەتلەرنى ئىشلىدىم. بۇنىڭدىن كېيىن ھەج-تاۋاب جەريانىدىكى داۋالاش خىزمىتىدە پايدىلىنىش ئۈچۈن، ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدىكى بەزىبىر پارچە-پۇرات تەجرىبىلىرىمنى تۆۋەندىكىچە يېزىپ چىقتىم.

مېنىڭچە، مۇھىمى، ئىدىيە ۋە ماددىي جەھەتلەردىكى تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەش كېرەك ئىكەن. ئەسلىدە، مەن ئۆزەمنى 30 نەچچە يىللىق داۋالاش خىزمىتىنى ئىشلىگەن ئىچكى كېسەللىكلەر دوختۇرى، 20 نەچچە كىشىلىك ھەج ئۆمىكىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ھېچ گەپ ئەمەس، دەپ ئويلىغان ئىدىم. يەنە تۇرۇپ، يىراق ھەم ناتونۇش بولغان سەئۇدى ئەرەبىستانىغا كېتىۋاتىمىز؛ ئۇ يەرنىڭ ھاۋاسى بەك ئىسسىق، تۇرمۇش ئادىتى بىزنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆمەك تەركىبىدە بىرمۇنچە ياشانغانلار بار، دەپ ئويلىدىم-دە، ئىدىيە جەھەتتە ئەھمىيەت بېرىشكە باشلىدىم. مېڭىشتىن بۇرۇن، ھەج-تاۋاب ئەھۋالى يېزىلغان بىرمۇنچە كىتاب، گېزىت-ژۇرناللارنى كۆرۈپ چىقتىم، بىرمۇنچە ھاجىلارنى زىيارەت قىلدىم، بۇنىڭ بىلەن ئەھۋالدىن مەلۇم دەرىجىدە خەۋەر تاپتىم-دە، شۇ ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتقان ھالدا دورا ۋە داۋالاش ئەسۋابلىرىنى تەييارلىدىم.

بىرىنچىدىن، ئىسسىقتىن ساقلىنىش ۋە ئىسسىق ئېلىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەج-تاۋاب داۋامىدا مەن دۇچ كەلگەن بىرىنچى مەسىلە بولدى. سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ھاۋا كېلىماتى قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، ئۆيىنىڭ سىرتىنىڭ تېمپېراتۇرىسى دائىم سېلسىيە 40 گرادۇستىن يۇقىرى بولىدىكەن، بەزىدە ھەتتا 50 گرادۇسقا چىقىدىكەن، شۇڭا ئىسسىق ئېلىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان دورىلارنى، مەسىلەن، بۇرۇنغا تېمىتىدىغان دورا، سالقىنلاشتۇرۇش مېيى، ياپۇز نوكچىسى قاتارلىق دورىلەرنى ئېلىپ يۈرۈش كېرەك ئىكەن، كۈنلۈك، ئاپتاپ كۆز ئەينىكى قاتارلىق مۇھاپىزەت بۇيۇملىرىمۇ كەم بولسا بولمايدىكەن.

تەر كۆپ چىقىدىغان بولغاچقا، سۇنى كۆپ ئېچىش زۆرۈر ئىكەن. گازلاشتۇرۇلغان سۇ، مىنىرال سۇ قاتارلىقلارنى ھەممىلا يەردە سېتىۋالغىلى بولىدىكەن. بىر قېتىمدا ئېچىپ بولالمىسا ئۆزىنىڭ سوغۇق ساقلايدىغان قاچىلىرىغا قۇيۇۋالسا بولىدىكەن. بۇنىڭدىن باشقا، جۇڭگولۇقلارنىڭ چاي دەملەپ ئېچىش ئادىتى بار. مېھمانخانىلارنىڭ ھەممە ئۆيلىرىدە توك ئېغىزلىرى بار ئىكەن، شۇڭا توك چاينىكى، توك كورۇشكىسى، شۇنىڭدەك تېز ئىسسىتىدىغان كىچىك توك ئەسۋاپلىرىدىن پايدىلانغىلى بولىدىكەن. ئۇ يەردە تائامنىڭ تۈرى كۆپ ئەمەسكەن، ئەگەر تۇزلانغان

www.uyghurkitap.com

سەي ئېلىۋالسا ئىشتەينى تەكشىگىلى بولۇپلا قالماستىن، تەر كۆپ چىقىش سەۋەبىدىن بولۇپ كەتكەن بەدەندىكى تۇز تەركىبىنى تولۇقلىغىلى بولىدىكەن.

ئىسسىقتىن ساقلانغاندىن باشقا، زۇكام ۋە "ھاۋا تەگىشكۈچتىن بولىدىغان كېسەل"نىڭ ئالدىنى ئېلىشقىمۇ دىققەت قىلىش كېرەك ئىكەن. ئۆينىڭ ئىچى بىلەن سىرتىدىكى تېمپېراتۇرا قاتتىق پەرق قىلىدىغان، ھەج پائالىيىتى بىر قەدەر ئالدىراش بولۇپ، ھاجىلار ھېرىپ-چارچاپ كېتىدىغان بولغاچقا، ئاسانلا زۇكام بولۇپ ھەتتا قىزىتمىسى ئۆرلەپ قالىدىكەن. شۇڭا دەم ئالغان چاغلاردا بەل، پۇت، ئۇگە ئاغرىقىغا گىرىپتار بولۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ھاۋا تەگىشكۈچتىن چىققان ھاۋانىڭ بىۋاستە تېگىشىدىن ئۆزىنى تارتىش كېرەك ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، زۇكامنى تېز داۋالايدىغان دورا، ئاغرىقنى پەسەيتىدىغان، قىزىتمىنى قايتۇرىدىغان تابلېتكا، پاراتسېتامول تابلېتكىسى قاتارلىق دورىلارنى تەييارلاپ قويۇش كېرەك ئىكەن.

ئىككىنچىدىن، ھەزىم قىلىش يوللىرى كېسەللىكى كۆرۈلىدىكەن. ھەج-تاۋاپ مەزگىلىدە، ئىچىملىك، يېمەكلىكنىڭ ئىسسىق-سوغۇقلۇقى نورمال بولماسلىقى، تاماقنىڭ ۋاقتى-قارارىدا بولماسلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە چىۋىنىنىڭ كۆپ بولۇشى ئارقىسىدا، بەزىدە جىددىي خاراكتېرلىك ئاشقازان، ئۈچەي ياللۇغى، باكتېرىيىلىك ئۈچەي ياللۇغى، تولغاق كېسەللىكلىرىمۇ پەيدا بولىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەر ئېھتىمالنى كۆزدە تۇتۇپ، بېربېرىن، فۇراكسون... قاتارلىق ئىششىق ياندۇرىدىغان دورىلار، شۇنىڭدەك باكتېرىيىگە قارشى دورىلارنىمۇ ئاز-تولا تەييارلاپ قويۇش كېرەك ئىكەن. بۇنىڭدىن باشقا، قىسمەن دائىرىلىك قۇرت ئۆلتۈرگۈچى دورا ۋە ئىسپىرتقا چىلانغان پاختا ئېلىۋېلىپ، تاماقتىن بۇرۇن قاچا-قۇچىلارنى ۋە قولنى ئېرتىشمۇ ھەزىم قىلىش يوللىرى كېسەللىكىنىڭ يۇقۇشىدىن ساقلىنىشقا پايدىلىق ئىكەن.

ئۈچىنچىدىن، ھاۋا ئىسسىق، تەر كۆپ چىقىدىغان، تېرىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ئىقتىدارى ئاجىزلاپ كېتىدىغان بولغاچقا، ئوڭايلا تېرە كېسەللىكى پەيدا بولىدىكەن. بولۇپمۇ ئىلگىرى تېرە ياللۇغى، قىسمەن تېرە يېرىلىش ياكى پۇت تەمرەتكىسى بار ئادەملەر مۇنداق كېسەلگە تېخىمۇ ئاسان گىرىپتار بولىدىكەن، شۇڭا ئىششىق ياندۇرۇش مەلھەمى قاتارلىق دورىلارنىمۇ ئېلىۋېلىش كېرەك ئىكەن. ئەرەبىستاندا تاھارەت ئالىدىغان جاي بىلەن تاھارەتخانا بىر ئورۇندا بولغاچقا مەينەت سۇ يامراپ كېتىدىكەن. پۇتنى ئاسراش ئۈچۈن، ئېلىمىزنىڭ لاتا خېيى يېنىك، ئىسسىق تارتمايدىغان بولغاچقا بەك ئەسقاتىدىكەن.

تەجرىبىلەر ئىسپاتلىدىكى، ھەج ئۆمىكىگە دوختۇر قوشۇش زۆرۈر ئىكەن. بۇنداق بولغاندا ئۇششاق-چۈششەك كېسەللىكلەرنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلغىلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كېسەللىكنى پەيدا بولۇشتىن ئاۋۋال تىزگىنلىگىلى بولىدىكەن. بەزى ھاجىلار ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ، بەزى دورىلارنى ئېلىۋالىدىكەن. دوختۇرلار ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئۇلارنىڭ دورا ئىچىشىگە لايىقىدا يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك ئىكەن.

دوختۇرلار ئادەتتىكى كېسەللىكلەرنى بىر تەرەپ قىلغاندىن تاشقىرى، ئەڭ ياخشىسى ئېلىمىزگە خاس بولغان يىڭنە سانچىش، ئۇۋۇلاش ئۇسۇللىرىنىمۇ قوللىنىشى كېرەك ئىكەن. بۇنداق بولغاندا ھەم كېسەللەرنى دەرھال داۋالىغىلى، ھەم ھەددىدىن ئارتۇق كۆپ دورا كۆتۈرۈپ يۈرۈشتىن ساقلانغىلى بولىدىكەن. بولۇپمۇ چەت ئەللىك مۇسۇلمانلار جۇڭگو دوختۇرلىرىنى ئۆزگىچە

# جۇڭگو ئىسلام شۆيۈەنى 88-يىللىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى

7-ئاينىڭ 19-كۈنى، جۇڭگو ئىسلام شۆيۈەنى 88-يىللىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى. مۇراسىمغا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى، ئىسلام شۆيۈەنىنىڭ باشلىقى شېن شياشى رىياسەتچىلىك قىلدى. مۇراسىمدا ئىسلام شۆيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ياڭ زۇڭشەن سۆز قىلدى.

ياڭ زۇڭشەن سۆزىدە مۇنداق دېدى: بۇ قارارلىق ئالىي مەكتەپ سىنىپىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار 1982-يىلى ئىسلام شۆيۈەنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئىسلام دىنى ساھەسى بويىچە مەخسۇس يېتىشتۈرۈلگەن ئىككىنچى قارارلىق ئوقۇغۇچىلاردۇر. بۇ قاراردا ئىككى سىنىپ (بىرى شىنجاڭ سىنىپى) تىن 56 ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈردى، ئۇلار 21 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوندا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر ئارىسىدىن تاللاپ ئېلىنغانلار بولۇپ، خۇيزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، دۇڭشياڭ، سالا قاتارلىق ئالتە ئاز سانلىق مىللەتتىن تەركىب تاپقان. بۇ ساۋاقداشلار بەش يىل جاپالىق ئۆگىنىش ئارقىلىق، ئىسلام دىنىغا دائىر خىزمەتلەرنى ئىشلەشتە زۆرۈر بولغان كەسپىي بىلىملەرنى ئاساسەن ئىگەللەپ، بەلگىلىك ئەرەب تىلى سەۋىيەسىگە ئىگە بولدى، ئالىي مەكتەپلەردە ئىجتىمائىي پەن بويىچە ئۆتۈلىدىغان ئاساسلىق دەرسلەرنى ئۆگەندى، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى يەنىمۇ ئۆستى، بۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنى ساھەسىدە ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن ئاساس سېلىندى.

ياڭ زۇڭشەن بۇ قارارلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ئەھۋالى ئۈستىدە توختىلىپ

---

ماھارەتكە ئىگە دەپ قارايدىكەن. سەئۇدى ئەرەبىستانىدا بولغان چاغلىرىمدا، ھەر كۈنى دېگۈدەك چەت ئەللىك ھاجىلار، جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ۋە چەت ئەل تەۋەلىكىدىكى جۇڭگولۇقلاردىن كېسەل داۋالىتىش ئۈچۈن كەلگەن 10-20 ئادەمنى كۈتۈۋالدىم. مەن يىڭنە سانچىپ، ئۇۋۇلاپ، ئۇلارنىڭ ئاغرىقىنى توختاتقىنىمدا، بەزىلەر "ماشائاللا!" دەپ ۋاقىرىسا، بەزىلىرى ئىنگلىزچە "جۇڭگو، جۇڭگو!" دەپ ۋاقىرىدى، بۇ ھالەتتىن كۆپ تەسىرلەندىم، ۋەتەنىنىڭ تىبابەتچىلىكىدىن پەخىرلەندىم.

ھەج-تاۋاب قىلىش سەپىرى خاسىيەتلىك سەپەر بولۇپ، بۇنىڭدا نۇرغۇن سىناقلاردىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدىكەن، شۇنداقلا بۇ بىر قېتىملىق ئوبدان چېنىقىش ئىكەن. ھەج مەۋسۇمىدە، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلار مىللىتى، تىلى-مەدەنىيىتى، تۇرمۇش ئادىتى ھەر خىل بولسىمۇ، لېكىن ھەج پەرزىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن بىر يەرگە جەم بولىدىكەن. سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتى داۋالاش ۋە ساقلىقنى ساقلاش جەھەتتە نۇرغۇن تەدبىرلەرنى كۆرىدىكەن، ھاجىلار سانى كۆپرەك بولغان دۆلەتلەرمۇ دوختۇر ياكى داۋالاش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىدىكەن. ھەر قايسى ئەل ھاجىلىرى ئۈچۈن كېسەل داۋالاش يولى بىلەن خىزمەت قىلىشنى كىشىلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قارشى ئالىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

www.uyghurkitap.com

مۇنداق دېدى: بىر مۇنچە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىمۇ، دىنىي قائىدىلەرگە رىئايە قىلىشىمۇ ياخشى بولدى، ئۇلارنى بىلىمى كۆپ، خىسلىتى ياخشى بولۇپ يېتىشتى دېيىشكە بولىدۇ. بەزى ئوقۇغۇچىلار جايلاردىكى ئىسلام شۆيۈەنلىرىگە ياردەم بېرىش ۋە ئەرەب تىلى مەكتەپلىرىگە ھەمكارلىشىش جەھەتتە تۆھپە ياراتتى؛ بەزى ئوقۇغۇچىلار جۇڭگو ھەج-تاۋاب قىلىش ئۆمىكىگە قوشۇلۇپ مۇقەددەس جاي مەككىگە بېرىپ ھەج-تاۋاپ قىلىپ كېلىشكە مۇيەسسەر بولدى. سەككىز نەپەر ئوقۇغۇچى مەملىكەت بويىچە ئالىي مەكتەپلەر ئارا ئۆتكۈزۈلگەن ئەرەب تىلى مۇسابىقىسىدە مۇكاپاتلاندى، بۇلارنىڭ ئىككىسى سەۋىيىسى سىناش تۈرى بويىچە بىرىنچى، ئىككىنچىلىككە، ئۈچى مەدەنىيەت مۇسابىقىسىدە بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچىلىككە ئېرىشتى.

ياڭ زۈگشەن بۇ قارارلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەقسىم قىلىنىش ئەھۋالى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: بۇ يىل ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئىلگىرىكى ھەر قايسى قارارلاردىكىدىن كۆپ بولغاچقا، تەقسىمات جەھەتتە مەلۇم قىيىنچىلىق تۇغۇلاتتى، ئەمما، جايلاردىكى ھەر دەرىجىلىك مىللىي ۋە دىنىي ئىشلار تارماقلىرىنىڭ غەمخورلۇقى ئارقىسىدا، ساۋاقداشلارنىڭ تەقسىم قىلىنىش مەسىلىسى ئاساسەن ھەل بولدى. تەقسىمات خىزمىتىدە "قەيەردىن كەلگەن بولسا، شۇ يەرگە بېرىش" پرىنسىپى ئاساس قىلىندى. ساۋاقداشلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ئۆز رايونىغا بېرىپ، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى خىزمەتلەرنى ئىشلەيدۇ. سەككىز نەپەر ئوقۇغۇچى چەت ئەلگە چىقىپ داۋاملىق ئىلىم تەھسىل قىلىدۇ، يەنە بىر نەچچە ئوقۇغۇچى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە ئىسلام شۆيۈەنىدە قالىدۇ. ياڭ زۈگشەن ساۋاقداشلار مەكتەپتىن ئايرىلىپ يېڭى سەپەرگە ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرغاندا، ئوقۇتقۇچىلىق سالاھىيىتى بىلەن، ساۋاقداشلاردىن كۈتىدىغان بىرنەچچە ئۈمىدىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتى.

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، بېيجىڭ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى ئەن شۈبېي ئاخۇنۇممۇ مۇراسىمدا سۆز قىلدى. ئەن شۈبېي ئاخۇنۇم ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق پېشقەدەم ئاخۇنۇملارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئۆگىنىش ئەھۋالى بىلەن ھازىرقى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىسلام شۆيۈەنىدە ئوقۇش ئەھۋالى جەھەتتىكى بىر-بىرىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل ئەھۋالنى سېلىشتۇرۇپ سۆزلەپ، ساۋاقداشلارنى ئوقۇشقا سەرپ قىلغان بەش يىل ۋاقتىنى قەدىرلەپ، ئۆزلىرى ئۆگەنگەن ئىسلام دىنىغا دائىر بىلىملەرنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل-پاراستىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ۋە ئېلىمىزنىڭ ئىسلام دىنى ئىشلىرى ئۈچۈن تىرىشىپ ئىشلەپ، بۇ جەھەتتە تۆھپە يارىتىشقا ئىلھاملاندۇردى.

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە ئىسلام شۆيۈەنىنىڭ رەھبەرلىرى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ساۋاقداشلارغا ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بەردى، خاتىرە بۇيۇملىرى سوۋغا قىلدى ھەمدە ساۋاقداشلار بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

مۇراسىمغا يەنە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، جۇڭگو ئىسلام شۆيۈەنىنىڭ پەخرىي باشلىقى ماسۇگشىڭ ئاخۇنۇم، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ماشيەن، ئىسلام شۆيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ماۋېيجى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەرقايسى بۆلۈم، ئىشخانىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە ئىسلام شۆيۈەنىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى قاتناشتى.

# تەيۋەنلىك قېرىنداشلارغا بولغان مۇھەببەت

داچاڭ خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىلىك سودا-سانائەت بانكىسىنى كىشلەر دېڭىزنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدا ئالاقە ئورناتقۇچى دەپ ماختىشىدۇ. ناھىيىلىك سودا-سانائەت بانكىسى لاڭفاڭ جۇڭگو بانكىسىدىن ئەۋەتىلگەن مىڭ يۈەن شياڭگاڭ پۇلى (خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 475 يۈەن 40 فۇڭ)نى تاپشۇرۇۋالدى. بۇ چەككە ئەۋەتكۈچىنىڭ ئادرىسى: شياڭگاڭ، ۋەكالىتەن ئەۋەتكۈچى گاۋ ليۇمو، پۇلنى تاپشۇرۇپ ئالغۇچىنىڭ ئادرىسى: سەنيى ناھىيىسى شيادىيەن بازىرى بېيۋۇ كەنتى، تاپشۇرۇۋالغۇچىنىڭ ئىسمى: خەي چاۋچى دەپ يېزىلغان.

بانكا خىزمەتچىسى لى يۇخۇا دەل بېيۋۇ كەنتىدىن ئىدى، بانكا رەھبىرى دەرھال ئۇنى كەنتكە بېرىپ پۇلنى تاپشۇرۇپ ئالغۇچىنى سۈرۈشتە قىلىپ تېپىشقا ئەۋەتتى ھەمدە ناھىيىلىك تەيۋەنلىكلەرنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى ئىشلىرى ئىشخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىدۇ. لى يۇخۇا كەنت كادىرلىرى بىلەن بىرلىكتە خەي چاۋچىنى تاپتى، ئەمما خەي چاۋچى ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇغ-تۇغقانلىرىنىڭ تەيۋەنلىك قېرىنداشلار بىلەن مۇناسىۋىتى يوق چىقتى. ئۇنداق بولسا، پۇلنى تاپشۇرۇپ ئالغۇچى زادى كىم؟ بانكا باشلىقى ياڭ ۋېنشى بىتاقەت بولۇپ تىت-تىت بولدى، بۇ كىچىك ئىش بولغىنى بىلەن، دېڭىزنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى قېرىنداشلارنىڭ كۆڭلىدە، بۇنى ئويلاپ ئۇ لى يۇخۇانى ئۆيمۇ ئۆي ئارىلاپ، تەپسىلى سۈرۈشتۈرۈپ چىقىشقا بۇيرۇيدۇ.

لى يۇخۇا مىڭغا يېقىن ئائىلىگە بېرىپ سۈرۈشتۈرۈپ، ئاخىر جاڭ چىڭخۇەي ئىسىملىك خۇيزۇ بوۋايدىن يىپ ئۇچىنى تاپتى.

ئەسلىدە جاڭ چىڭخۇەينىڭ تەيۋەندە ئىشلەيدىغان خەي چاۋچى ئىسىملىك كىچىك دادىسى بار ئىكەن، ئۇ ئۆز ئەسلىمىسىگە ئاساسەن، شياڭگاڭدىكى دوستى گاۋ ليۇمو ئارقىلىق جاڭ چىڭخۇەيگە خەت ۋە پۇل ئەۋەتكەن (بېيۋۇ كەنتى ئەسلىدە سەنخې ناھىيىسىگە قاراشلىق بولغاچقا، ئادرىس سەنيى ناھىيىسى ئەمەس، سەنخې ناھىيىسى دەپ يېزىلىشى كېرەك ئىدى). پۇل ئەۋەتكۈچى ئۇزۇن يىل خەت ئالاقە قىلمىغاچقا، پۇلنىڭ تەگمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، پۇل تاپشۇرۇۋالغۇچىنىڭ ئىسمىنى خەي چاۋچى دەپ يېزىپ قويغان. شۇڭا پۇلنى يەتكۈزۈپ بەرگىچە ئازتولا ئاۋارىچىلىق تۇغۇلغان.

ناھىيىلىك سودا-سانائەت بانكىسى سېلىشتۇرۇپ ئېنىقلاش ئارقىلىق، تەيۋەنلىك قېرىنداش ئەۋەتكەن پۇلنى 1-ئاينىڭ 6-كۈنى خۇيزۇ بوۋاي جاڭ چىڭخۇەيگە ئاپىرىپ بەرگەن.

(ئىدىن بىنياۋ)

# ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ پائالىيىتى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر

## چېڭدې شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلدى

يېرىم يىل تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق چېڭدې شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى 1987-يىل 12-ئاينىڭ 11-كۈنى قۇرۇلدى. يىغىنغا بىر ناھىيە، ئۈچ رايوندىن كەلگەن 51 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى. خېبېي ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بەي يۈچېن ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋاكالىتەن يىغىنغا كېلىپ تەبرىكلىدى ۋە سۆز قىلدى. يىغىنغا چېڭدې شەھىرىدىكى شۇاڭچياۋ رايونى، شۇاڭلۇەن رايونى ۋە يىڭزى كان رايونى قاتارلىق جايلاردىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى، تەكلىپ قىلىنغان ۋەكىللەر، شۇنىڭدەك بۇددا دىنى جەمئىيىتى، كاتولىك دىنى، خرىستىيان دىنىنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشتى.

يىغىندا "چېڭدې شەھىرىنىڭ بىر نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئىسلام دىنى خىزمەتلىرى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپىسى توغرىسىدىكى دوكلات» ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، «چېڭدې شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى» ۋە «چېڭدې شەھىرىدىكى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەھدىنامىسى» ماقۇللاندى، سايلام ئارقىلىق خېبېي ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى لى رۇيلىن ئاخۇنۇم مۇدىر، ماۋېنتيەن، تيەن گۇيلىن مۇئاۋىن مۇدىر بولغان چېڭدې شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بىرىنچى نۆۋەتلىك كومىتېتى ۋۇجۇدقا كەلدى.

(چېن جىخې ياڭ بىنفاڭ)

## داچاڭ خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى يىغىن ئۆتكۈزدى، يىغىندا جەمئىيەتنىڭ مۇدىرى تولۇقلاپ سايلاندى

خېبېي ئۆلكىسى داچاڭ خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 1987-يىل 12-ئاينىڭ 12-كۈنى يىغىن ئۆتكۈزدى، يىغىندا مەي فۇچېڭ ئاخۇنۇم جەمئىيەتنىڭ مۇدىرى بولۇپ سايلاندى.

يىغىندا داچاڭ بازىرى مەسچىتىنىڭ ئىمامى ۋاڭ دېرۇڭ سابىق مۇدىر خەي خۇنچاڭ ئاخۇنۇم ۋاپات بولغانلىقىنىڭ ئىككى يىللىقىغا پاتىھە ئوقۇدى، يىغىن قاتناشچىلىرى دۇئا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، تولۇق مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق مەي فۇچېڭ (ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى) مۇدىرلىققا، ياڭ فېڭچاڭ، ماجېنۇۋ ئاخۇنۇم مۇئاۋىن مۇدىرلىققا تولۇقلاپ سايلاندى، تولۇقلانغاندىن كېيىن ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەھبىرىي خادىملىرى يەتتە كىشى بولدى.

مەي فۇچېڭ ئاخۇنۇم مۇدىر بولۇپ سايلانغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئۈچ يىللىق ئاساسىي خىزمەت ئەھۋالىنى ئەسلەپ ئۆتتى ھەم نۆۋەتتىكى ۋە

بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت ئۈستىدە پىكىر بايان قىلدى.

(پەن جياچى، ماگۇاڭجيې)

## خۇەيبېڭ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلدى

خۇەيبېڭ شەھەرلىك بىرىنچى قېتىملىق ئىسلام دىنى ۋەكىللىرى يىغىنى 1987-يىل 12-ئاينىڭ 2-كۈنىدىن 4-كۈنىگىچە ۋاڭيىڭجېن بازىرىدىكى مەسچىتتە ئۆتكۈزۈلدى، يىغىنغا 37 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى. يىغىندا شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى ماقۇللاندى، جەمئىيەتنىڭ بىرىنچى نۆۋەتلىك كومىتېتى سايلاندى، گې ۋېيلى مۇدىر، ما دېيى مۇئاۋىن مۇدىر، جىن يۈەن باش كاتىپ بولدى، شۇنىڭ بىلەن خۇەيبېڭ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى رەسمىي قۇرۇلدى.

يىغىندا گې ۋېيلى ئاخۇنۇم ئىسلام جەمئىيىتىنى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ نامىدىن بەرگەن «خىزمەت دوكلاتى» قاراپ چىقىلدى ۋە ماقۇللاندى. دوكلاتتا كەڭ مۇسۇلمانلارنى پارتىيىنىڭ 13-قۇرۇلتىيىنىڭ ھۆججەتلىرىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئەتراپلىق چۈشىنىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە سوتسىيالىستىك ئېڭىنى ئۆستۈرۈشكە ئۈيۈشتۇرۇش شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئاساسىي خىزمەتلىرىنىڭ بىرى بولدى دەپ تەكىتلەندى.

(جياڭسۇ ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

## يەنچېڭ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلدى

يەنچېڭ شەھەرلىك بىرىنچى قېتىملىق ئىسلام دىنى ۋەكىللىرى يىغىنى 1987-يىل 12-ئاينىڭ 11-كۈنىدىن 12-كۈنىگىچە يەنچېڭ مەسچىتىدە ئۆتكۈزۈلدى، يىغىنغا پۈتۈن شەھەردىكى 2 مىڭ 300 نەچچە خۇيزۇ، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا ۋەكىل بولۇپ 32 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى.

يىغىندا تەييارلىق قىلىش گۇرۇپپىسى بەرگەن «خىزمەت دوكلاتى» قاراپ چىقىلدى، نىزامنامە ماقۇللاندى، كېڭەشش ئارقىلىق سوچېڭجۈن مۇدىر، خورىكوي ۋە گوخېڭباۋ مۇئاۋىن مۇدىر بولغان يەنچېڭ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بىرىنچى نۆۋەتلىك كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى.

(جياڭسۇ ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

## نىڭشياڭ ناھىيىلىك بىرىنچى قېتىملىق ئىسلام دىنى ۋەكىللىرى يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

خېنەن ئۆلكىسى نىڭشياڭ ناھىيىلىك بىرىنچى قېتىملىق ئىسلام دىنى ۋەكىللىرى يىغىنى 1987-يىل 11-ئاينىڭ 27-كۈنى نىڭشياڭ مېھمانخانىسىدا تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا ناھىيىدىكى سەككىز يېزا ۋە بازاردىن كەلگەن مۇسۇلمان ۋەكىللەر ھەم ئالاقىدار تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى قاتناشتى.

يىغىندا ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش خىزمىتى ئۈستىدە بېرىلگەن

دوكلات ۋە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى قاراپ چىقىلدى ۋە ماقۇللاندى، شۇي جې جاڭ ئاخۇنۇم مۇدىر، مايىڭجېن ئاخۇنۇم ۋە ياڭ خۇادې مۇئاۋىن مۇدىر بولغان ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بىرىنچى نۆۋەتلىك كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى.

(ياڭ لىشېڭ)

## دالى بەيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدا ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلدى

دالى بەيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۆلكە بويىچە مۇسۇلمانلار كۆپرەك بولغان رايونلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئوبلاست بويىچە 53 مىڭ 900 نەچچە خۇيزۇ مۇسۇلمان ۋە 88 مەسچىت بار. مۇسۇلمانلار، مەسچىتلەر ئاساسەن ۋېيشەن، دالى، يۇڭپىڭ، ئېريۈەن، ياڭبى ۋە نەنجيەن قاتارلىق 11 ناھىيە (شەھەر)گە جايلاشقان. دىنىي سىياسەتنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، دالى بەيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى 1987-يىل 10-ئاينىڭ 16-كۈنىدىن 20-كۈنىگىچە بىرىنچى قېتىملىق ئىسلام دىنى ۋەكىللىرى يىغىنىنى چاقىردى، يىغىندا دالى بەيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتى رەسمىي قۇرۇلدى.

يىغىندا ئوبلاست بويىچە ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر)دىكى مەسچىتلەردىن كەلگەن 120 نەپەر مۇسۇلمان ۋەكىل ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا تەييارلىق قىلىش خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى ۋە قاراپ چىقتى، «دالى بەيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى» ۋە «دالى بەيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق بىرىنچى قېتىملىق ئىسلام دىنى ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ قارارى»نى مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللىدى. يىغىندا مايۇنۇڭ ھاجى (ۋېيشەن ناھىيىسىدىن، يۈننەن ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى) پەخرىي مۇدىرلىققا تەكلىپ قىلىندى، ماپىڭخەي مۇدىرلىققا، مايۇچۈەن، مازۇشيەن، ماشاۋشيۇڭ، مابىڭشيەن، ماجىلياڭ ۋە جاڭ جىنيۇڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىققا، ماشاۋشۇڭ باش كاتىپلىققا سايلاندى.

(دالى بەيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى ھۆكۈمىتى دىنىي ئىشلار بۆلۈمى)

## سىچۈەن ئۆلكىسىدە ئىككىنچى قېتىملىق ئىسلام دىنى ۋەكىللىرى يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

سىچۈەن ئۆلكىلىك ئىككىنچى قېتىملىق ئىسلام دىنى ۋەكىللىرى يىغىنى 1987-يىل 11-ئاينىڭ 20-كۈنىدىن 24-كۈنىگىچە چېڭدۇ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا ئۆلكە بويىچە 19 شەھەر، ۋىلايەت ۋە ئوبلاستتىن كەلگەن 88 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى.

يىغىندا پارتىيە 13-قۇرۇلتىيىنىڭ روھى يېتەكچى قىلىنىپ، جۇڭگو ئىسلام دىنى 5-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتى بىرىنچى نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ «خىزمەت دوكلاتى» مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللاندى، «سىچۈەن ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسچىتلەرنى باشقۇرۇش چارىسى» تۈزۈلدى ۋە ماقۇللاندى، ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ «نىزامنامىسى»گە تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى، سايلام ئارقىلىق ئۆل-

لىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئىككىنچى نۆۋەتلىك كومىتېتى ۋۇجۇدقا كەلدى، ماشىنجى مۇدىرلىققا، يۈزىيۈن، دىڭ جاۋچى، ماۋەنجۈەن، خۇاڭ مىڭجى ۋە ياڭ خۇا مۇئاۋىن مۇدىرلىققا، مايۈنجۇ (ئايال) باش كاتىپلىققا سايلاندى.

يىغىن داۋامىدا، ئۆلكىلىك دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لى يۆچۈن 13-قۇرۇلتاينىڭ روھىنى ئۆگىنىش، مەسچىتلەرنى باشقۇرۇش ئىشىنى كۈچەيتىش، ئۆز كىرىمى بىلەن ئۆزىنى قامداش، ياش دىنىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈش ۋە چەت ئەللەر بىلەن بولغان دوستلۇق ئالاقىسىنى كۈچەيتىش قاتارلىق خىزمەتلەر ئۈستىدە سۆز قىلدى.

11-ئاينىڭ 24-كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئۆلكىلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى زىياپەت بېرىپ، يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەرنى كۈتۈۋالدى.

(خۇاڭ يۈڭ)

## شىئەن شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى مونچا ۋە مېھمانخانا ئاچتى

1985-يىل 8-ئايدا، شىئەن شەھەرلىك ھۆكۈمەت مىللىي سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، شۇنىڭدەك مۇسۇلمانلارنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىپ، شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك ئىدارىسىغا شياگشى كوچىسى 28-نومۇرلۇق ئۆينىڭ (ئەسلىدە مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقى ئىدى) ئورنىنى مۇسۇلمانلارنىڭ كوللېكتىپ پاراۋانلىقى ئىشىنى يولغا قويۇشى ئۈچۈن، شەھەرلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى ئۇقتۇردى.

شەھەرلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتى بۇ ئىشنى شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىگە تاپشۇردى. شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى بۇ يەردە مۇسۇلمانلار مونچىسى سېلىشنى قارار قىلدى. مەبلەغ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش يولىدا بىر نەچچە قىزغىن مۇسۇلماننىڭ ئالاقىلىشىشى ئارقىسىدا، شىنجېڭ رايونلۇق قاتناش ئىدارىسىغا قاراشلىق شىئەن خۇاچىن سودا-سانائەت تەرەققىيات شىركىتى مەبلەغ سېلىپ، شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىگە قاراشلىق شىئەن ئونىۋېرسال ئىسلام مۇلازىمەتچىلىك شىركىتى (ھازىر خىزمەت قىلىش ئورنىغا ئۆزگەرتىلدى) بىلەن بىرلىشىپ مۇسۇلمانلارنىڭ پاراۋانلىقى ئۈچۈن مونچا ۋە مېھمانخانا سېلىشقا قوشۇلدى. ئىككى تەرەپ كېلىشىم ھاسىل قىلغاندىن كېيىن تەييارلىق قىلىشقا كىرىشتى، 1987-يىل 1-ئاينىڭ 2-كۈنى قۇرۇلۇش باشلاندى. 9-ئاينىڭ 30-كۈنى شىئەن شەھەرلىك مۇسۇلمانلار پاراۋانلىق مونچىسى بىلەن شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى مېھمانخانىسى پۈتتى؛ شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن تىجارەت باشلاش مۇراسىمى تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلۈپ، ئۆلكىلىك، شەھەرلىك ۋە رايونلۇق ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى كېلىپ ئۇنى تەبرىكلىدى ۋە سۆز قىلدى.

مونچا ۋە مېھمانخانىنىڭ ئاساسلىق بىناسى 3 قەۋەتلىك بولۇپ، كۆلىمى 670 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، بىرىنچى قەۋەتتى مونچا بولۇپ، ئۇنىڭ 30 ئېغىزىدا دۇش، 12 ئېغىزىدا ۋاننا بار، (بۇلارنىڭ بىرى ئاياللار مونچىسى)؛ 2-ۋە 3-قەۋەتتى مېھمانخانا بولۇپ، ئۇنىڭدا تاھارەتخانىسى ۋە رەڭلىك تېلېۋىزور قاتارلىق ئۈسكۈنىلىرى بار 8 ئېغىز ئۆي، ئادەتتىكى ئۆيدىن 5 ئېغىزى بار، 30 چە يولۇچىنى ئورۇنلاشتۇرغىلى بولىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا، 100 كىشىلىك مەجلىسخانىسى بار،

www.uyghurkitap.com

# ئىككى مۇھىم خەلقئارا ئىسلام يىغىنى

ما شەنيى

مىسىر ئەزھەر داشۆسىنىڭ مۇدىرىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، مەن گوۋيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋەن ياۋبىن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى شېن شىياشى بىلەن مىسىرغا بېرىپ ئەزھەر ئىسلام دىنى تەشۋىقات ـ تەتقىقات مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ 11 ـ نۆۋەتلىك يىللىق يىغىنىغا قاتناشتىم ھەمدە بىز يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن مىسىر ھۆكۈمىتى دىنىي فوند مىنىستىرلىكىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئىسلام دىنى ئىشلىرى ئالىي مۇدىرىيىتىنىڭ يىغىنىغا قاتناشتۇق. بۇ ئىككى يىغىنغا مەملىكىتىمىزدىن تۇنجى قېتىم ۋەكىل قاتناشقان بولغاچقا، ساھىپخان — مىسىرلىق دوستلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ۋە دوستانە كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولدۇق.

11 ـ نۆۋەتلىك يىللىق يىغىن 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئەزھەر داشۆسىنىڭ ئەبدە زالىدا داغدۇغىلىق باشلاندى. يىغىنغا مىسىر زۇڭتۇڭى مۇبارەك، زۇڭلىسى ئارىف سىدىق، ئەزھەر داشۆسىنىڭ مۇدىرى شەيخ جاد ئەلھەق (مۇئاۋىن زۇڭلى دەرىجىلىك)، ھۆكۈمەتنىڭ مىنىستىرلىرى ۋە قۇرۇقلۇق، ھاۋا، دېڭىز ئارمىيىلىرىنىڭ سەركەردىلىرى قاتناشتى. مۇبارەك زۇڭتۇڭ يىغىندا ئۇزۇن نۇتۇق سۆزلىدى. بۇ قېتىمقى يىغىنغا 88 دۆلەتتىن كەلگەن 200 دىن ئارتۇق ۋەكىل قاتناشتى. يىغىنغا باش شتابى مەككىدىكى ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يەتتە مۇھىم خەلقئارا ئىسلام تەشكىلاتىنىڭ مەسئۇللىرىمۇ قاتناشتى. ھەرقايسى ئەللەردىن كەلگەن مۇسۇلمان ئۆلىمالار بىر جايغا جەم بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ خەلقئارا دائىرىلىك ئىشلىرى ۋە ئىسلام دىنى تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلىش پائالىيەتلىرىنى ماسلاشتۇرۇش ئىشىنى مۇھاكىمە قىلدى. يىغىن بەش كۈن داۋام قىلدى. يىغىن مەزگىلىدە، مىسىر زۇڭلىسى، ئەزھەر داشۆسىنىڭ ئاقساقالى، دىنىي فوند مىنىستىرى، ئەزھەر داشۆسىنىڭ باشلىقى ئايرىم ـ ئايرىم كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ ھەرقايسى ئەل ۋەكىللىرىنى كۈتۈۋالدى. يىغىندىن كېيىن مىسىر ئارمىيىسىنىڭ مەسئۇللىرى ۋەكىللەرنى تەشكىللەپ سۈۋەيش، ئىسمائىلىيە دېگەن مەنزىرىلىك شەھەرلەرگە ئېكسكۇرسىيە ۋە ساياھەتكە ئاپاردى.

ئىسلام دىنى ئىشلىرى ئالىي مۇدىرىيىتىنىڭ يىغىنى 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئەرەب ئىتتىپاقى

---

ئالدىراش مەزگىلدە ئۇنىڭغا 20 ئادەتتىكى كارۋات قوشقىلى بولىدۇ. مۇنچا ۋە مېھمانخانىدىن سىرت، سۇ قاينىتىش ئۆيى ۋە كەسپىي ئىش بىناسى قاتارلىقلار بار.

مۇنچا تىجارەت باشلىغاندىن كېيىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان 20 گە يەتمىگەن ئىشچى ـ خىزمەتچى ئىچىدە ئالتە نەپەر خۇيزۇ مېيىپ ياش بار.

ياشانغان مۇسۇلمانلارنىڭ غۇسلى قىلىشى ۋە تاھارەت ئېلىشىغا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ما لياڭجى ئاخۇنۇم مونچىغا 50 دانە چۆگۈن سوغا قىلدى.

(شىئەن شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

باش شتابىنىڭ زالىدا ئېچىلدى. بۇ يىغىنغا 30غا يېقىن دۆلەتنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشتى. يىغىندا مۇسۇلمان ياشلىرى مەسىلىسى نۇقتىلىق مۇھاكىمە قىلىندى، ياشلارغا ئىسلام دىنى ئەنئەنىسى توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىش، غەربنىڭ ساغلام بولمىغان ئىدىيىسى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ ياشلارنى چىرىتىشىدىن ساقلىنىش مەسىلىسى ئالاھىدە ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ ئىككى يىغىن خېلى قىزغىن، مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى، شۇڭا، بۇ ئىككى يىغىننى خەلقئارادا مۇسۇلمانلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان كاتتا يىغىن بولدى دېيىشكە بولىدۇ. ھازىر مەن بۇ ئىككى يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاساسلىق مەسىلىلەر ئۈستىدىكى تونۇشۇمنى تۆۋەندىكىچە ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن:

## ماسلاشتۇرۇشتىن مەقسەت مۇسۇلمانلار قوشۇنىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش

خەلقئارا ئىسلام دىنى تەشكىلاتلىرىنىڭ خىزمەتتە ماسلىشىشىنى كۈچەيتىش يىغىندا ئاساسلىق مۇھاكىمە قىلىنغان مەسىلە بولدى. يىغىن ھەرقايسى ئىسلام تەشكىلاتلىرىدىن قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسنى ئاساس قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مەزھەپلەرنىڭ كاشىلىسىنى تۈگىتىپ، ئىسلام دىنى ھەقىقىتى ئاساسىدىكى چوڭ ئوخشاشلىقتا بىرلىككە كېلىشىنى تەلەپ قىلدى. يىغىن مۇسۇلمانلار قوشۇنى ئىچىدە بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلماسلىقنى، ھەم سۈننىي مەزھىپى بىلەن شىئە مەزھىپىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ مەزھەپ ئوتتۇرىسىدا ئارازلىق تۇغدۇرماسلىقنى، ھەم شىئە مەزھىپىگە تەۋە بولغان ھەرقايسى كىچىك مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدا ئىناقسىزلىق كەلتۈرۈپ چىقارماسلىقنى تەلەپ قىلدى. ۋەكىللەر ھازىر ئىسلام قوشۇنىدىكى ئىتتىپاقسىزلىق ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلىش ئىشىغا قاتتىق توسالغۇ بولماقتا دەپ قاراشتى. پەلەستىن مەملىكەتلىك مۇدىرىيىتىنىڭ رەئىسى شەيخ ئابدۇلھەمىت شاھىق يىغىندا مۇنداق دېدى: "بىز پەلەستىن خەلقىنىڭ ئۇزاق مۇددەتتىن بېرى ئىسرائىلىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا ۋە بېسىشىغا ئۇچراپ كېلىشىمىزدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى شۇكى، بىز مۇسۇلمانلار ئىتتىپاق بولالمىدۇق." ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: "دۇنيا دائىرىسىدىن ئېيتقاندا، ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكىدىن ئىبارەت دەرىجىدىن تاشقىرى ئىككى چوڭ دۆلەت دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتىدۇ، بىز مۇسۇلمانلار نېمىشقا ئىتتىپاقلىشىپ ئۇلارغا تاقابىل تۇرالمايمىز؟". ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقىنىڭ باش كاتىپى دوكتور مۇھەممەت ئۆمەر نەسىفى ئۆز سۆزىدە ھەرقايسى ئەللەردىكى ئىسلام دىنى تەشكىلاتلىرىنىڭ دىنىي تەشۋىقات خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇشقا مەسئۇل بولىدىغان دۇنيا خاراكتېرلىك ئورگان قۇرۇشنى تەكلىپ قىلدى. ئۇنىڭ بۇ تەكلىپىنى يىغىنغا قاتناشقانلار قوللىدى، يىغىندا پۈتۈن دۇنيادىكى ئىسلام تەشكىلاتلىرىنىڭ دىنىي تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى ماسلاشتۇرۇشقا مەسئۇل بولىدىغان "دىنىي تەشۋىقات، قۇتقۇزۇش ۋە دىنىي تەشۋىقات خادىملىرىنى تەربىيىلەش ئالىي مۇدىرىيىتى" قۇرۇش قارار قىلىندى ھەمدە ئەزھەر داشۆسى، ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقى ۋە كۇۋەيت خەلقئارا ئىسلام پاراۋانلىق ئورگىنىغا بۇ مۇدىرىيەتنى قۇرۇشنىڭ تەييارلىق ئىشىغا مەسئۇل بولۇش ھاۋالە قىلىندى، شۇنىڭدەك بۇ مۇدىرىيەتنىڭ ۋە ئۇنىڭ تارماق ئورگانلىرىنىڭ پات ئارىدا قۇرۇپ چىقىلىشى ئۈمىد قىلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ھەقىقىي مۇسۇلمان بولۇش

مۇسۇلمانلار ئاز ئولتۇراقلاشقان دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلار مەسىلىسى يىغىندا مۇھاكىمە قىلىنغان بىر نۇقتىلىق مەسىلە بولدى. يىغىندا بىرمۇنچە ۋەكىللەر شۇ دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى، ئۇلارنىڭ دىنىنى تەشۋىق قىلىش ئۇسۇلىنى ۋە ساقلانغان مەسىلىلەرنى تونۇشتۇردى، يىغىندا شۇ دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلار ئىشلىرىغا ماددىي، مەنىۋى ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردىن ياردەم بېرىش كېرەكلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدىن: "دىندا زورلاش يوقتۇر..." (2 ـ سۈرە، 256 ـ ئايەت) دېگەن ئايەت نەقىل كەلتۈرۈلۈپ، ئىسلام دىنى ئاساسىي دىن ھېسابلانمايدىغان دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلار غەيرىي مۇسۇلمانلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىشى لازىم دەپ قارالدى. يىغىندا مۇنداق دەپ ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇلدى: ئىسلام دىنى ھەرقانداق گۇرۇھ ۋە ھەرقانداق دۆلەت بىلەن دۈشمەنلىشىدىغان دىن ئەمەس، بەلكى تىنچلىقنى قوۋۋەتلەيدىغان دىن، ئۇ پۈتكۈل خەلق بىلەن تېنچلىقتا بىللە تۇرۇشى كېرەك. مۇسۇلمان بولغان ئادەمنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقىغا ئېرىشىشىلا كۇپايە قىلمايدۇ، ئۇ نەمۇنىلىك ھەرىكىتى بىلەن پاك پۇخرا بولۇشى، ئۆز دۆلىتى ئۈچۈن سەممىيەتلىك بىلەن خىزمەت قىلىشى لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ھەقىقىي مۇسۇلمان ھېسابلىنىدۇ.

يىغىن مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: مۇسۇلمانلار دىنىي مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پەن ـ مەدەنىيەت ۋە ئىلغار تېخنىكىنى ئۆگىنىشنى كۈچەيتىشى كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن نامراتلىق ـ قالاقلىقتىن قۇتۇلغىلى، ئاندىن جاھانگىرلىكنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا، تىزگىنلىشىگە ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي جەھەتتە ھەقىقىي قارشى تۇرغىلى بولىدۇ.

## مۇسۇلمان ياشلىرىنى ئوبدان تەربىيىلەش

يىغىن مۇسۇلمان ياشلىرىغا بولغان تەربىيىنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلىپ، مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: ياشلار ــ دۆلەتنىڭ كېلەچىكى شۇنداقلا مىللەتنىڭ ۋە دىنىنىڭ كېلەچىكى. ھازىرقى مۇسۇلمان ياشلىرى غەرب ئىدىيىسىنىڭ ۋە مەدەنىيىتىنىڭ، شۇنىڭدەك ئىسلام دىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بىدئەتچىلىك ئىدىيىسىنىڭ قاتتىق ئىغۋاگەرچىلىكىگە دۇچ كەلمەكتە. شۇڭا ياشلارغا ئىسلام دىنى پرىنسىپى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشلامچىلىق روھى ئارقىلىق تەربىيە بېرىپ، ئۇلارنى قۇرئان كەرىم، ھەدىس ۋە فىقھەدىن ھەقىقىي خەۋەردار قىلىش، ئۇلارغا ئىسلام دىنى تارىخىنى بىلدۈرۈش، ئۇلارنى ناچار ئىدىيىلەرنىڭ چىرىتىشىگە ئاڭلىق يوسۇندا تاقابىل تۇرۇش يولىغا باشلاش لازىم. يىغىن ياشلارغا تەربىيە بېرىش خىزمىتىگە مەخسۇس مەسئۇل بولىدىغان مۇسۇلمان ياشلىرى تەشكىلاتى قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

يىغىن ئىران بىلەن ئىراقنىڭ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا يەتتە يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت داۋام قىلغان ئۇرۇشنى تېزرەك توختىتىشنى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 598 ـ نومۇرلۇق قارارىنى

قوبۇل قىلىشنى ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشنى تەلەپ قىلدى. يىغىن پەلەستىن خەلقىنىڭ ئىسرائىلىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى ۋە كېڭەيمىچىلىكىگە قارشى تۇرۇش يولىدىكى ھەققانىي كۈرىشىنى قەتئىي قوللاپ، ئۇلارنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ۋە دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ئۈچۈن قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلغانلىقىنى يۈكسەك دەرىجىدە ماختىدى. يىغىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسىنىڭ ئافغانىستاندىن شەرتسىز چېكىنىپ چىقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلدى.

## ”ھەقىقىي جۇڭگو ئاۋازىنى ئاڭلىدۇق“

3-ئاينىڭ 7-كۈنىدىكى يىغىندا جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ۋەكىللىرى سۆز قىلدۇق. بىز ئالدى بىلەن، ساھىپخانىنىڭ قىزغىن تەكلىپىگە تەشەككۈر ئېيتىپ، بىز جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى يىغىنغا ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئالماشتۇرۇش، دوستلۇقنى كۈچەيتىش، ئىتتىپاقلىقنى چىڭىتىش مەقسىتىدە كەلگەنلىكىمىزنى بىلدۈردۇق. بىز يىغىندا ئېلىمىزدە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى دىنىي سىياسەتنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالى ئۈستىدە نۇقتىلىق توختالدۇق؛ جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىنى تونۇشتۇردۇق؛ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھەرقايسى ئەللەردىكى ئىسلام تەشكىلاتلىرى ۋە مۇسۇلمانلار بىلەن بولغان دوستانە بېرىش-كېلىشىنى داۋاملىق كۈچەيتىشنى خالايدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئوبدان ئارزۇسىنى بىلدۈردۇق. بىزنىڭ سۆزىمىزنى يىغىنغا قاتناشقۇچىلار قىزغىن قارشى ئالدى. بىز يەنە يىغىندا مۇدىر شېن شياشىنىڭ «جۇڭگودا مەسچىتلەرنىڭ ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلىش ئىشىدىكى رولى ۋە ئورنى» دېگەن ئىلمىي ماقالىسىنى بېسىپ تارقاتتۇق. بىز سۆزىمىزنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئەزھەر داشۆسىنىڭ مۇدىرى ھەممىدىن ئاۋۋال بىزگە تەشەككۈر ئېيتتى، بىر مۇنچە دۆلەتتىن كەلگەن ۋەكىللەر ۋە مەشھۇر زاتلارمۇ بەس-بەس بىلەن بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىپ تەبرىكلىدى. ئەزھەر ئىسلام دىنى تەشۋىقات ئالىي مۇدىرىيىتىنىڭ باش كاتىپى ئابدۇل ۋەدۇد بىزگە قىزغىنلىق بىلەن: ”سىلەر ناھايىتى ئوبدان سۆز قىلدىڭلار، بىز ئىلگىرى جۇڭگونىڭ ئەھۋالىنى بىلمەيتتۇق، ھەتتا جۇڭگوغا قارا چاپلايدىغان بىر مۇنچە گەپ-سۆزلەرنى ئاڭلىغانىدۇق. بۈگۈن ھەقىقىي جۇڭگو ئاۋازىنى ئاڭلىدۇق. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئەمەلىيەت جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تۈرلۈك سىياسەتلىرىنىڭ جۈملىدىن دىنىي سىياسىتىنىڭ كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغانلىقىنى ئىسپاتلىدى“ دېدى. تايلاند مەسچىتلەر ئالىي مۇدىرىيىتىنىڭ رەئىسى ئەلى: ”جۇڭگو ۋەكىلىنىڭ بۇ يىغىنغا تۇنجى قېتىم قاتنىشىشى يىغىنغا ھۆسن قوشتى، سىلەرنىڭ يىغىندا قىلغان سۆزۈڭلار تولىمۇ قىممىتى بار سۆز بولدى. سىلەرنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ئىسلام دىنىغا دائىر خەلقئارا پائالىيەتلەرگە كۆپرەك قاتنىشىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، شۇنداق قىلغاندىلا كىشىلەر جۇڭگونى ھەقىقىي چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ“ دېدى. يىغىنغا سىرتتىن قاتناشقان مىسىر ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مەسئۇلى ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق

www.uyghurkitap.com

دېدى: "سلەر يغىندا سۆز قىلىۋاتقاندا، يغىن زالىدا ھەممەيلەن پۈتۈن زېھنى بىلەن ئولتۇرۇپ سلەرنىڭ سۆزۈڭلارنى ئاڭلىدى، دېمەك ھەممەيلەن سىلەرنىڭ سۆزلىگەن سۆزۈڭلارغا ئېتىبار بىلەن قارىدى. سىلەرنىڭ سۆزلىگەن سۆزۈڭلار تولىمۇ تەسىرلىك، قايىل قىلارلىق بولدى. مەن بۇرۇن جۇڭگونى زىيارەت قىلغان، بۇگۈن جۇڭگولۇق دوستلارنىڭ يغىنغا قاتنىشىپ ئالقىشقا ئېرىشكەنلىكىڭلاردىن چىن كۆڭلۈمدىن خۇشالمەن".

يغىن مەزگىلىدە، ئەزھەر داشۆسىنىڭ مۇدىرى شەيخ جاد ئەلھەق ۋە مىسىر دىنىي فوند مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى مۇھەممەت ئەلى مەھجۇب ئايرىم - ئايرىم ھالدا جۇڭگو ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشتى، جۇڭگونىڭ مىسىردا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى جەن شىلياڭمۇ كۆرۈشۈشكە قاتناشتى، مېھمانلار بىلەن ساھىپخان سەممىي، دوستانە پاراڭلاشتى، ئەھۋال ئالماشتۇردى ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىن ئالاقە ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنى ئۈمىد قىلىشتى.

يغىن مەزگىلىدە، بىز يەنە زىيارەتكە كەلگەن «ئەھرام» گېزىتى، ئوتتۇرا شەرق ئاگېنتلىقىنىڭ، كۇۋەيت، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ مۇخبىرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارغا جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردۇق ۋە ئۇلار سورىغان سوئاللارغا جاۋاب بەردۇق.

بىز يغىن مەزگىلىدە نۇرغۇن قەدىناسلار بىلەن ئۇچراشتۇق ۋە نۇرغۇن يېڭى دوستلار بىلەن تونۇشتۇق، بەزى دۆلەتلەرنىڭ دىنىي تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، خەلقئارا ئىسلام تەشكىلاتلىرىدىكى ۋە دىنىي ساھەدىكى مەشھۇر زاتلار بىلەن، بولۇپمۇ جۇڭگونى ئىلگىرى زىيارەت قىلغان بەزى دوستلار بىلەن پاراڭلىشىپ، ئاجايىپ سەممىيلىك ھېس قىلدۇق. ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقىنىڭ باش كاتىپى ئابدۇللا ئۆمەر نەسفى ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ سابىق ئەخبارات ۋەزىرى دوكتۇر يامانى قىزغىن ھالدا مۇدىر شىېن شياشىغا: "بىز بېيجىڭدا ئېچىلغان ئىسلام دىنى توغرىسىدىكى تەشۋىقات ۋە مۇھاكىمە يغىنىنى ئەسلىسەكلا، جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭگودىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلار يادىمىزغا كېلىدۇ، خۇدايىم بۇيرۇسا بىز بۇ يىلمۇ جۇڭگوغا بارماقچىمىز" دېدى. ئومانىنىڭ مۇفتىسى ئەھمەت خەلىل مۇنداق دېدى: "جۇڭگو مەن ئىنتىلىپ كېلىۋاتقان جاي. مەن 1983 - يىلى جۇڭگونى زىيارەت قىلغان. جۇڭگو مەندە ئۇچمەس تەسىرلەرنى قالدۇرغان. ئاشۇ ئۇنتۇلغۇسىز پەيتلەرنى ئەسلىگىنىمدە شېرىن خىياللارغا چۆمۈپ كېتىمەن". ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى دىنىي فوند مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى مۇھەممەت جۇمە سالىم بىزنى ئەبۇزەبى ۋە شارىقەنى زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلدى، ئۇ ئىسلام ئىشلىرى ئۈچۈن، بۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى بىلەن تېخىمۇ كۆپ ھەمكارلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇنىڭدىن باشقا، بىز يەنە پاكىستان دىنىي ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى، كۇۋەيت دىنىي ئىشلار ۋەزىرى، تۇنىس ۋە يۇگوسلاۋىيىنىڭ مۇفتىسى بىلەن ھەمدە نۇرغۇن دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمان دوستلار بىلەن دوستانە ئۇچراشتۇق، كەڭ دائىرىدە پاراڭلىشىپ، ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈردۇق.

# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئەبۇ جىھادقا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈردى

ياڭ جىبو

4-ئاينىڭ 22-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى ئىلياس شېن شياشى، مۇئاۋىن مۇدىرى نۇرمان ماشىيەن ۋە ئەھمەت ۋاجىدىلار پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىغا بېرىپ، زىيانكەشلىككە ئۇچراپ قازا تاپقان پەلەستىن قوراللىق كۈچلىرىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى ئەبۇ جىھاد ۋاپاتىغا چوڭقۇر قايغۇ ئىچىدە تەزىيە بىلدۈردى.

مۇدىر ئىلياس شېن شياشى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى نامىدىن پەلەستىن خەلقىنىڭ ئاتاغلىق رەھبىرى، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىززەتلىك دوستى، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئوبدان قېرىندىشى ئەبۇ جىھادنىڭ بەختكە قارشى زىيانكەشلىككە ئۇچراپ قازا تاپقانلىقىغا چوڭقۇر قايغۇ بىلدۈردى، پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى ۋە پەلەستىن خەلقىغە ھەمدە قېرىندىشىمىز ئەبۇ جىھادنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈردى ۋە ئۇلاردىن سەممىي ھال سورىدى. جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىسرائىلىيە دائىرىلىرىنىڭ ئەبۇ جىھادقا سۇيىقەست قىلىپ ئۆلتۈرگەن رەزىل ۋە ياۋۇز ھەرىكىتىنى قاتتىق ئەيىپلەيدىغانلىقىنى، پەلەستىن خەلقىنىڭ پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىكىدە قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، دۈشمەنگە ئورتاق نەپرەت ياغدۇرۇپ، پەلەستىننىڭ مىللىي ئىشلىرى يولىدىكى يۈكسەك نىشانغا يېتىش ئۈچۈن بەلنى تېخىمۇ چىڭ باغلاپ جەڭ قىلىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ مۇدىرى يۈسۈپ راجىب جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ تەزىيە بىلدۈرۈش ئۈچۈن كەلگىنىگە رەھمەت ئېيتتى.

بۇنىڭدىن ئىلگىرى، مۇدىر ئىلياس شېن شياشى قاتارلىقلار خۇدادىن ئەبۇ جىھادقا جەننەت ئاتا قىلىشىنى تىلەپ دۇئا قىلغانىدى.

**مۇشتىرىلار دىققىتىگە**

تەننەرخ ئۆسكەنلىكى سەۋەبىدىن، ژۇرنىلىمىزنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى 1989-يىللىق 1-ساندىن ئېتىبارەن 0.80 يۈەن بولىدۇ. كىتابخانىلارنىڭ خەۋەردار بولۇپ قېلىشىنى سورايمىز.

**«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى**

www.uyghurkitap.com

# شىنجاڭدا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىسلام دىنى تەتقىقاتىغا دائىر ئىشلەنگەن بەزى خىزمەتلەر

جۇنەيد بەكرى

ئاپتونوم رايونىمىز كۆپ مىللەتلىك رايون بولۇپ، بۇ مىللەتلەر ئىچىدە ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، خۇيزۇ، ئۆزبېك، تاتار، تاجىك، دۇڭشياڭ، سالا، باۋئەن قاتارلىق 10 مىللەت ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ (كېيىنكى ئۈچ مىللەت شىنجاڭغا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كۆچۈپ كەلگەن). ئىسلام دىنى بۇ مىللەتلەر ئارىسىدا تارقالغاندىن بۇيان، بۇ دىن ئۇلارنىڭ ئىدىئولوگىيە، ئېتىقاد، ئەخلاق كۆزقاراشلىرىدىن تارتىپ تاكى پسىخىك ھالىتى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئۆرپ-ئادىتى ۋە قائىدە-يوسۇنلىرىغىچە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. شۇڭا، ئىسلام دىنى تەتقىقاتى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

ئىسلام دىنى 7-ئەسىردە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، ئىنتايىن تېز سۈرئەت بىلەن ئاسىيا، ئافرىقا، ياۋروپا، لاتىن ئامېرىكىسى قاتارلىق جايلاردا 90 دىن كۆپرەك دۆلەتكە تارقالدى. ئۇنىڭ ئېلىمىز جۇڭگوغا جۈملىدىن ئاپتونوم رايونىمىزغا تارقىلىپ كىرگىنىگىمۇ 1000 يىلدىن ئاشتى. بۇ دىن بىلەن بىللە ئەرەب، پارس تىللىرى ۋە بۇ تىللاردا بېسىلغان ئىسلام دىنىنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرى، ئىسلام تەلىماتىغا، تارىخ ۋە ئەدەبىياتقا شۇنىڭدەك ھەرخىل پەنلەرگە ئائىت نۇرغۇن كىتابلارمۇ كىردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەرلىك ئالىملار تەرىپىدىنمۇ نۇرغۇن ئەسەرلەر يېزىلدى. گەرچە بۇنداق ئەسەرلەر ئۆتمۈش دەۋرلەردە، بولۇپمۇ "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ" زورلۇق-زومبۇلۇق قىلغان ئاپەتلىك يىللاردا، تەكرار-تەكرار نابۇت قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن خەلق قولىدا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقانلىرىمۇ ئاز ئەمەس. ئەرەب، پارس، تۈركىي ۋە چاغاتاي تىللىرىدا يېزىلغان ئەسەرلەر بويىچە شىنجاڭنى خەزىنە دېيىشكە بولىدۇ. ئەمما ئازادلىقتىن ئىلگىرى بۇ ئەسەرلەرنى توپلاش، تەرجىمە قىلىش ئىشلىرى قولغا ئېلىنمىغان، سىستېمىلىق تەتقىقات ئۈستىدە سۆز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

دۆلىتىمىز قۇرۇلۇپ "مەدەنىيەت ئىنقىلابى"غا قەدەر بولغان 17 يىل ئىچىدە پارتىيىمىزنىڭ مىللىي ۋە دىنىي سىياسەتلىرى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ھەرقايسى مىللەت تىللىرىدىكى كلاسسىك ئەسەرلەرنى توپلاش، رەتلەش، تەرجىمە قىلىش خىزمەتلىرى ئىشلىنىپ، خېلى نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنى تەتقىقاتى ئۈچۈنمۇ ئوڭۇشلۇق شارائىت يارىتىلغانىدى. ئەمما، ئۇزۇن ئۆتمەي، ئىنتايىن "سول"چىل لۇشيەنىنىڭ كاشىلا قىلىشى، بولۇپمۇ "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ"نىڭ مەدەنىيەت مۇستەبىتچىلىكىنى يۈرگۈزۈشى بىلەن، دىن ۋە دىنىي كىتابلارنىڭ ھەممىسى "ئەكسىيەتچىل" دەپ قارىلىپ، بۇ كىتابلارنىڭ نۇرغۇنى كۆيدۈرۈۋېتىلدى، دىنىي زاتلار، دىن تەتقىقاتچىلىرى ۋە ھەتتا ئادەتتىكى دىن ئېتىقادچىلىرىمۇ زەربىگە ئۇچرىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەمدىلا قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان دىن تەتقىقاتى خىزمىتىمۇ ئۈجۈقتۇرۇۋېتىلدى.

بەختكە يارىشا، "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ" ئۇزۇل-كېسىل تارمار قىلىنىپ، ۋەتىنىمىز بالايىئاپەتلەردىن خالاس تاپقاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، قالايمىقانچىلىقلار تۈگىتىلىپ، دۆلىتىمىز يېڭى تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى. ئىلىم-پەن تەتقىقاتى ئىشلىرىنىڭ قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ، ھەرقايسى دىنلار مەخسۇس تەتقىقات ئوبيېكتى سۈپىتىدە، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى ساھەسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى قىلىنىپ، دىن تەتقىقاتى، جۈملىدىن ئىسلام دىنى تەتقىقاتى رەسمىي كۈنتەرتىپكە كىرگۈزۈلدى.

1979-يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى قارمىقىدا دىن تەتقىقاتى ئىنستىتۇتى قۇرۇلدى. بۇ ئىنستىتۇت قارمىقىدا ئايرىم ھالدا، ئىسلام دىنى تەتقىقاتى ئىشخانىسى، بۇددا دىنى تەتقىقاتى ئىشخانىسى قاتارلىق ئاپپاراتلار تەسىس قىلىنىپ، دىن تەتقىقاتى پىلانلىق، تەشكىللىك ۋە سىستېمىلىق يولغا قويۇلدى. تەتقىقات قوشۇنىمۇ بارغانسېرى كېڭىيىپ باردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە تەستىقى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق دىنشۇناسلىق جەمئىيىتى قۇرۇلدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي ئىشلار كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى ۋە شىنجاڭ داشۆسى قاتارلىق ئالىي مەكتەپلەردىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ۋە يولداشلارمۇ ئىسلام دىنى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى. جەمئىيەتتىمۇ دىن تەتقىقاتى ھەۋەسكارلىرى بارلىققا كەلمەكتە. گەرچە بۇ ساھەدىكى تەتقىقات قوشۇنى تېخى بىر قەدەر ئاجىز، سەۋىيىسى تۆۋەن، ماتېرىيال كەمچىل، ئىش يېڭىدىن باشلانغان بولسىمۇ، لېكىن تەتقىقات خادىملىرىنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، ئىسلام دىنى تەتقىقاتى جەھەتتە مىسلىسىز يۈكسىلىش ۋەزىيىتى يارىتىلىپ، مول نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، دىن تەتقىقاتى ئىنستىتۇتى 1979-يىلىدىن بۇيان، بىر نەچچە قېتىم مەخسۇس خىزمەت گۇرۇپپىسى ئۇيۇشتۇرۇپ ياكى مەخسۇس كادىر ئاجرىتىپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى كەڭ رايونلارغا ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا ئەۋەتتى. بۇ گۇرۇپپا ۋە كادىرلار ئىسلام دىنى ئۈستىدە تارىخىي ۋە رېئال جەھەتتىن ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بۇ جەھەتتە نۇرغۇن قىممەتلىك ماتېرىياللارنى توپلىدى ھەمدە مەخسۇس تېمىلار بويىچە تەتقىقات خىزمىتىنى قانات يايدۇردى.

بۇ ئىنستىتۇت «شىنجاڭ دىن تەتقىقاتى ماتېرىياللىرى»، «شىنجاڭ دىن تەتقىقاتى خەۋەرلىرى» دېگەن ئىككى خىل قەرەلسىز ژۇرنالنى تۈزۈپ ۋە نەشر قىلىپ، ئىچكى قىسىمدا تارقاتتى. بۇ ژۇرنالنىڭ ئالدىنقىسى 14 سان، كېيىنكىسى ئىككى سان چىقىرىلدى. شۇنىڭدەك ئاكادېمىيىمىز تەرىپىدىن چىقىرىلغان «ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (پەسىللىك ۋە ئايلىق ئىككى خىل ژۇرنال)، «شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى» (بۇ ژۇرنال ئىككى سان چىقىرىلىپ توختاپ قالدى) قاتارلىق ژۇرناللاردىمۇ ئىسلام دىنىغا ئائىت بىرمۇنچە ماقالىلار ئېلان قىلىندى. بۇنىڭدىن باشقا، «شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى»، «قەشقەر ئەدەبىياتى»، «شىنجاڭ سىپەن داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى»، «شىنجاڭ ياشلىرى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»، «ئەرەپ دۇنياسى»، «بوستان» قاتارلىق مەتبۇئاتلاردىمۇ ئىسلام دىنى

www.uyghurkitap.com

تەتقىقاتىغا ئائىت ئىلمىي ماقالىلار ئېلان قىلىندى. بۇ ماقالىلار ئىچىدە يولداش گۇباۋنىڭ «ئۇيغۇرلار ۋە ئىسلام دىنى»، يولداش چېن خۇشېڭنىڭ «ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلار ئوتتۇردىسىدىكى كۈرەش ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى»، يولداش لى تەييۈينىڭ «شىنجاڭدا بۇددا دىنىنىڭ زاۋاللىققا يۈزتۇتۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئەۋج ئېلىشىدىكى سەۋەبلەر»، يولداش ئامانۇللانىڭ «ئىسلام دىنىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ۋە ھازىرقى خەلقئارا يۈزلىنىشىگە دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا»، «دىن تەتقىقاتىغا دائىر بىرقانچە مەسىلە»، يولداش زارىپ دولاتنىڭ «ئىسلام سوتسىيالىزمى توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە»، يولداش مۇھەممەت سالىھنىڭ «شىئە-ئىسمائىلىيە مەزھىپى ۋە ئۇنىڭ تارىخى توغرىسىدا»، «ئاپپاق خوجا مازىرى ۋە ئۇنىڭ تارىخى ئارقا كۆرۈنۈشى توغرىسىدا»، يولداش ھاجىنۇر ھاجىنىڭ «تەسەۋۋۇپ (سوفىزم)نىڭ مەيدانغا كېلىشى، تارقىلىشى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا»، يولداش خې بىڭجىنىڭ «شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنىڭ ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەمەلىيىتىگە ماسلىشىشى مەسىلىسى»، يولداش ۋاڭ شۇلىنىڭ «شىنجاڭدىكى تەسەۋۋۇپچىلىق ھەققىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنى مەزھەبلىرى توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە»، ماپىنيەننىڭ «جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مازارلار ۋە مازارلارنى تاۋاپ قىلىش ھەققىدە»، لى جىنشىننىڭ «موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقى ۋە شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنى»، جۇنەيد بەكرىنىڭ «ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق دەستۇرى — قۇرئان»، «ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرىشى»، «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى دىنىي ئېتىقادلىرى»، «قەشقەردىكى ھېيتكاھ جامەسى» قاتارلىق ماقالىلىرى بار. بۇ ماقالىلەردە يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزدا ئېلىپ بېرىلغان ئىسلامىيەت ھەققىدىكى ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرى ۋە مۇلاھىزىلەر بايان قىلىنغان. بولۇپمۇ ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرىشى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆزگىرىش ئەھۋاللىرى، ئىسلام دىنىنىڭ مەزھەبلىرى، دىنىي تونغا ئورىنىۋالغان تارىخىي شەخسلەردىن ئاپپاق خوجا، مەخدۇم ئەزەم قاتارلىق چوڭ-كىچىك خوجىلارنىڭ شىنجاڭدىكى جىنايى ھەرىكەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ خەلق ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىپ پاجىئەلىك ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقى قاتارلىق ئالاھىدە ئەھۋاللار تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

بۇنىڭدىن باشقا، بۇ ئىنستىتۇت ھازىر شىنجاڭنىڭ ئىسلام تارىخى ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى مەركىزىي ۋەزىپە تەرىقىسىدە چىڭ تۇتۇپ، «شىنجاڭنىڭ ئىسلام تارىخى»نى يېزىپ چىقىش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىق كۆرمەكتە. پايدىلىنىش ئۈچۈن مۇنۇ كىتابلارنى تەرجىمە قىلىپ رەتلەپ چىقتى:

1) «جاۋاھىرۇلبۇخارى». بۇكىتاب مىسىرلىق مۇستەفا ئىبنى مۇھەممەت ئەمارە تەرىپىدىن ئەرەب تىلىدا تۈزۈلۈپ، قاھىرەدە بېسىلغان نۇسخىسىدىن مۇھەممەت سالىھنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىگە ئاساسەن مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، باۋ ژېنئەن خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلغاندىن كېيىن، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

2) «مۇھەممەت ئەلەييھىسسالامنىڭ تەرجىمھالى». بۇ كىتابنى مىسىرلىق مۇھەممەت خۇزەرى تەرىپىدىن ئەرەبچە يېزىلغان نۇسخىسىدىن مۇھەممەت سالىھ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغاندىن

كېيىن، چېن دېماۋ، تيەن شىباۋلار خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلدى، ئۇيغۇرچىسى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچىسى نىڭشيا خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

3) «قۇرئان كەرىم». ئەرەب تىلىدىن ئۇيغۇرچىغا يولداش مۇھەممەت سالىھ تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ، مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىپ تارقىتىلدى.

4) «ئاپپاق خوجا تەزكىرىسى». بۇ كىتاب ما جۇنمىن، ما مىڭلىيەنلەر تەرىپىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ئىچكى قىسىمدا بېسىپ تارقىتىلدى. بۇ كىتابتا تەسەۋۋۇپ مەزھىبىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىنكى پائالىيەتلىرى، «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق»لارنىڭ ئەھۋاللىرى بايان قىلىنغان.

5) «ياقۇپ بەگنىڭ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى». چاغاتاي دەۋرىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان بۇ كىتاب جۇنەيد بەكرى تەرىپىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئاغدۇرۇلۇپ، ئىچكى قىسىمدا بېسىپ تارقىتىلدى.

6) «جۇڭگودىكى غازاتلار توغرىسىدا». (كتاب غازات دەر مۇلۇك چىن)، غۇلجىلىق موللا بىلال بىننى موللا يۇسۇپ نازىمى تەرىپىدىن نەزمە تەرىقىسىدە يېزىلىپ، قازاندا بېسىلغان بۇ كىتاب ئەھمەت زىيائى ۋە جۇنەيد بەكرىلەر تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغانىدى، لىيۇجېنجيا، جاۋگورۇڭ ۋە جاڭ خۇڭچاۋلار تەرىپىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىندى. ھازىرچە ئىچكى قىسىمدا بېسىپ تارقىتىلماقچى. بۇ كىتاب 18-ئەسىردىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ئىلى قاتارلىق جايلىرىدىكى ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئىچكى جەھەتتىن چار روسىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى قىلغان كۆرەش ئەھۋاللىرى بايان قىلىنغان، مۇئەييەن تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە.

7) «شەرقىنىڭ بەش تارىخى» (تەۋارىخ خەمسەئى شەرقى). بۇكىتابنىڭ ئاپتورى چۆچەكلىك قۇربان ئېلى خالىدى بولۇپ، ئۇ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ ئەمەلىي تەكشۈرۈپ، مول ماتېرىيال توپلاپ يېزىپ چىققان. بۇ كىتابتا شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تاتار، تاجىك، ئۆزبېك، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخى، ئېتنوگرافىيىسى، قائىدە-يوسۇن، ئۆرپ-ئادەتلىرى، ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى، ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىش ئەھۋاللىرى، چوڭ-كىچىك خوجىلارنىڭ شىنجاڭدىكى ھەرىكەت-ئەپئاللىرى، ياقۇپبەگنىڭ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى؛ ئەينى ۋاقىتلاردىكى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋاللىرى قاتارلىقلار بىر قەدەر تەپسىلىي بايان قىلىنغان. بۇ كىتابتىكى بەزى پاكىتلار خەنزۇچە تارىخىي كىتابلاردىكىگىمۇ ئوخشىمايدۇ، شۇنىڭدەك چەت ئەل ئالىملىرىنىڭكىدىنمۇ پەرقلىنىدۇ. شۇڭا بۇ كىتاب مۇھىم تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتىگە ئىگە بولۇپ، تارىخ، مەدەنىيەت، دىن تەتقىقاتىدا پايدىلىنىشقا ئەرزىيدىغان تارىخىي ھۆججەت. بۇ كىتابنىڭ ئەسلى نۇسخىسى تاتارچە بولۇپ، جەمئىي تۆت توم، توققۇز باب. بۇ كىتاب 1901-يىلى قازان نەشرىياتىدا نەشر قىلىنغان، بۇ كىتابنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلغان نۇسخىسىدىن ماۋېيخەن، مامىڭيەن، شياۋجۇڭيى قاتارلىقلار خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلدى.

8) «چوڭ خوجىلار تەزكىرىسى» (تەزكىرەئى خوجىكان)، خوجىلارنىڭ بوۋىسى مەخدۇم ئەزەمنىڭ تەزكىرىسى بولغان بۇ كىتابتا مەخدۇم ئەزەمنىڭ تەرجىمىھالى ۋە نەسەبنامىلىرى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ۋە ئۇلارنىڭ شىنجاڭدا سوفىزمنى تارقاتقانلىقى، جىدەل-ماجىرا ۋە ئۇرۇش قوزغاپ، خەلققە پاراكەندىچىلىك ۋە زىيان سالغانلىق قىلمىشلىرى بىر قەدەر تەپسىلى بايان قىلىنغان. كىتابنىڭ ئەسلى ئاپتورى ئېنىق ئەمەس. بۇ كىتاب ئابدۇرېھىم خېتىپ تەرىپىدىن ھىجرىيە 1308-يىلى (مىلادى 1896-يىلى) كۆچۈرۈلگەن، ئەسلى چاغاتاي يېزىقىدا يېزىلغان بولۇپ، كېيىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئاغدۇرۇلغان، بۇ كىتابنى ھازىر سۈي ۋېيجۇن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىۋاتىدۇ.

9) «تەسەۋۋۇپچىلىق كۆزقارىشى ھەققىدە» (ئەتتەئەررۇف بىمەزھەبى ئەھلى تەسەۋۋۇف)بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى ئەبۇ بەكرى مۇھەممەت ئىبنى ئىسھاق بولۇپ ھىجرىيە 380-يىلى (مىلادى 990-يىلى) يېزىلىپ ھىجرىيە 1352-يىلى (مىلادى 1933-يىلى) مىسىردا بېسىلغان ئەرەبچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدۇرۇلدى. ھازىر بۇ كىتابنى ماجۇنمىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىۋاتىدۇ، كېلەر يىلىنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدا تەرجىمە قولدىن چىقىدۇ. بۇ كىتاب ئىسلام پەلسەپىسىگە ئائىت ئەسەر بولۇپ، مۇھىم تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە.

10) «مەكتۇبات» (سوفىزم ھەققىدىكى مەكتۇبلار). بۇ كىتاب مەشھۇر تەسەۋۋۇپ ئالىمى ئىمام رەببانى تەرىپىدىن يېزىلغان تەسەۋۋۇپ (تەرىقەت) يولى توغرىسىدىكى خەت-چەكلەر توپلىمىدىن ئىبارەت، جەمئىي يەتتە توم. بۇ كىتاب سوفىزمنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى، تارقىلىشى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسى توغرىسىدا تەپسىلىي مەلۇمات بېرىدۇ. شۇڭا ئۇ مۇئەييەن تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە. بۇ كىتاب ئىنىستىتۇتىمىز تەرىپىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىندى، ئەمدى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ.

11) «رەۋزەتۇسسەفا» (ساپلىق باغچىسى). بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى مۇھەممەت ئىبنى خاۋەندە شاھ ئىبنى مەھمۇت مىرخاۋەندە. بۇ پارسچە يېزىلغان يەتتە توملۇق چوڭ ھەجىملىك نادىر ئەسەر بولۇپ، بۇنىڭدا ئادەملەر پەيدا بولغاندىن تارتىپ ئاپتور ياشىغان زامانغىچە بولغان دۇنيا ۋە ئوتتۇرا شەرق تارىخى بايان قىلىنغان. بۇنىڭدا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭنىڭ شۇ چاغدىكى تارىخىي ئەھۋاللىرىغىمۇ ئالاھىدە ئورۇن بېرىلىپ، بىر قەدەر تولۇق پاكىتلار ئاساسىدا مۇپەسسەل بايان قىلىنغان. ئىنىستىتۇتىمىزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئەھمەت زىيائىي ۋە ئابدۇرېشىت ئىسلاملار بۇ ئەسەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭغا ئائىت قىسىملىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدى، خەنزۇچىغىمۇ تەرجىمە قىلىندى.

12) «ئىسلام دىنىنىڭ دۇنياغا تارقىلىش تارىخى» (ئەلفۇتۇھاتىلئىسلامىيە). بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى سەئىد ئەھمەت ئىبنى سەئىد زەينى دەھلان (ھىجازلىق) بولۇپ، ئەسلى ئەرەبچە يېزىلغان، ئىسلام دىنىنىڭ دۇنياغا تارقىلىشى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىدىغان بۇ كىتاب ئىككى توملۇق بولۇپ، 1-تومدا تۆت ئىسلام خەلىپىسى دەۋرىدىن باشلاپ سالجۇقلار سۇلالىسىنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى ۋە غەربكە يۈرۈش قىلىشى؛ تاتار تۈركلىرىنىڭ مەيدانغا چىقىپ باغدادنى ئىگەللىشى؛ ئاbباسىيە سۇلالىسىنىڭ يىمىرىلىشىگە قەدەر بولغان ۋەقەلەر بايان قىلىنىدۇ. 2-تومدا چىڭگىزخاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇخارا، سەمەرقەند، شىنجاڭ، ماۋەرائۇننەھر قاتارلىق جايلارنى ئىگەللىشى؛ تاتارلارنىڭ خارەزىم شاھ تەرىپىگە قاراپ يۈرۈش قىلىشى؛

ئۇنىڭ چېكىنىشى، ئۆلۈمى، تاتارلارنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىش ئەھۋاللىرى، تۈرك تېمۇر سۇلالىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى، ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىگەللىشى ۋە ئۇنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشىدىن باشلاپ، ئوسمانلى تۈركلىرىنىڭ ئالتايدىن چىقىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئۆتۈپ، ئىلگىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىن بېرىپ ئاناتولى (تۈركىيە)گە ماكانلىشىپ قالغان سالجۇق تۈركلىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سالجۇقلار دۆلىتىنى ئىستامبۇلغىچە كېڭەيتىپ، كېيىن ئوسمان تۈرك دۆلىتىنى قۇرۇپ، پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا ئۆتۈشى، ھەتتا ياۋروپا تەرەپلەرگە يۈرۈش قىلىپ، شەرقىي رىم قاتارلىق جايلارنى ئىگەللىشىدىن تارتىپ تاكى 1-دۇنيا ئۇرۇشىغا قەدەر داۋام قىلغان تارىخىي جەريان، ئومۇمەن ئالغاندا، ئىسلامىيەتنىڭ ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ياۋروپا قاتارلىق قىتئەلەردىكى مۇسۇلمان رايونلىرىغا تارقىلىشى تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ. بۇ كىتاب ھىجرىيە 1330-يىلى (مىلادى 1911-يىلى) مىسىر «سائادەت» مەتبەسىدە بېسىلغان، 1-تومى 432 بەت، 2-تومى 484 بەت. بۇ ئەسەرنىڭ تۈركىي قەۋملەرگە ئائىت بابلىرىدىن ئۇيغۇرچە 700 بەتتىن كۆپرەكى دىن تەتقىقاتى ئىنستىتۇتىنىڭ ئويۇشتۇرۇشى بىلەن ئوسمان مۇھەممەتنىياز تەرىپىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىندى، مالى تەرىپىدىن ئۇيغۇرچىغا ئاساسەن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىندى.

13) «قەشقەر تارىخى» (كاشغر تارىخى). بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى مۇھەممەت ئاتىپ (تۈركىيىلىك). بۇ ئەسەر نامدا «قەشقەر تارىخى» دەپ ئاتالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدا شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي تارىخى بايان قىلىنىدۇ.

بۇ ئەسەر ئۈچ قىسىمدىن ئىبارەت بولۇپ، 1-قىسىمدا ھەزرىتى نۇھ دەۋرىدىكى توپان بالاسىدىن تارتىپ 19-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىغىچە بولغان ئومۇمىي تارىخ؛ 2-قىسىمدا شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيە، جەمئىيەت ئەھۋالى ۋە شىنجاڭ ئاھالىسىنىڭ ئېتنوگرافىيە ئەھۋاللىرى؛ 3-قىسىمدا شىنجاڭ تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھالى بايان قىلىنىدۇ. بىز بۇ ئەسەردىن شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، تارىخىي، ئىجتىمائىي ئەھۋالى، بولۇپمۇ تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى، قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ دەۋرى، ئىماملارنىڭ شىنجاڭدا قىلغان دىنىي ئۇرۇشلىرى، سالجۇقلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت، چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردىكى شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، خوجىلارنىڭ، بولۇپمۇ ئاپپاق خوجا، ياقۇپبەگدەك خوجىلارنىڭ پائالىيىتى، ئاق تاغلىق بىلەن قارا تاغلىقتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ سىياسىي ۋە دىنىي مەزھەبنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۇلارنىڭ قىلىش-ئەتمىشلىرى، تۈرلۈك ھاكىمىيەتلەر، چىڭ سۇلالىسى ۋە جۇڭغارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلار بىلەن تونۇشالايمىز. بۇ ئەسەر ھىجرىيە 1300-يىلى (مىلادى 1882-يىلى) ئىستامبۇل «مىھران» مەتبەئەسىدە ئوسمانلى تۈرك تىلىدا بېسىلغان. شۇ نۇسخىغا ئاساسەن ئابدۇرىشىت ئىسلام تەرىپىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقاتى ئىنستىتۇتى شىنجاڭ ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ جەمئىيەت ۋە تارىخىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن 1963-يىلى شاپىگراپتا باستۇرۇلغان (جەمئىي 374بەت). بۇ كىتاب ھازىر شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقاتى ئىنستىتۇتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى

www.uyghurkitap.com

بىلەن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنماقتا.

14) «دىنىي ئىلىملەرنىڭ روناق تېپىشى» (ئەھيائۇلئۇلۇم). ئۇنىڭ ئاپتورى ئىمام مۇھەممەت غەززالى. بۇ زاتنىڭ تولۇق ئىسمى زەينىددىن ئەبۇ ھامىت مۇھەممەت ئىبنى ئەھمەت بولۇپ، خۇراساننىڭ تۇس شەھىرىگە قاراشلىق غەززال دېگەن جايدا تۇغۇلغان. بۇ كىتاب ئىسلام دىنىدىكى مەشھۇر تەسەۋۋۇپ مەزھىپىنى نەزەرىيە جەھەتتىن مۇپەسسەل تونۇشتۇرۇپ بېرىدۇ. تەسەۋۋۇپ مەزھىپى شىنجاڭدىمۇ مۇئەييەن تەسىرگە ئىگە. بۇ بىزنىڭ تەسەۋۋۇپ مەزھىپى بىلەن تونۇشۇشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ. بۇ چوڭ ھەجىملىك تۆت توملۇق كىتاب بولۇپ، 1281 ـ يىلى يېزىلىپ 1308 ـ يىلى ھىندىستاننىڭ يېڭى دېھلى شەھىرىدە بېسىلغان، 3 ـ، 4 ـ توملىرى جەمئىي 374 بەت، بۇ كىتابنى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقاتى ئىنستىتۇتى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدۇرۇپ چىقتى.

15) «خەۋەرلەر جەۋھىرى» (زۇبدەتۇلئەخبار)، بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى ئەبۇ مۇھەممەت ھەسەن شىرى ئىرانلىق تارىخشۇناس بولۇپ، تارىخ، جۇغراپىيىدىن بەھس قىلىدىغان بۇ ئەسەرنى 1847 ـ يىلى پارس تىلىدا يېزىپ چىققان. بۇ ھىندىستاننىڭ «چەشمەنۇر» مەتبەسىدە ئىمام بەخشىنىڭ خىراجىتى بىلەن بېسىلغان. ئاپتور بۇ ئەسەردە، شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر تارىخى، تۆمۈرلەڭنىڭ شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىشى، قەشقەر، يەكەن، خوتەنلەرنىڭ تارىخى ۋە بۇ جايلارنىڭ ئېتنوگرافىك ئەھۋاللىرىنى بىرقەدەر تەپسىلى بايان قىلغان. ئەسلى ئەسەر 403 بەت. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقاتى ئىنستىتۇتى بۇ ئەسەرنىڭ شىنجاڭغا ئائىت قىسمىنى ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىشقا ئۇيۇشتۇردى.

16) «ئىسلام تارىخى» (تۈركچە). بۇ كىتابنى ئىنستىتۇتىمىزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئەھمەت زىيائى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ چىقتى. ئىسلام دىنى توغرىسىدا تولۇق مەلۇمات بېرىدىغان بۇ كىتاب ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى ۋە پەلسەپە ئىدىيىسى بىلەن تونۇشۇپ چىقىشتا مۇئەييەن تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە.

17) «قۇمۇل ۋاڭلىرى توغرىسىدىكى ماتېرىياللار توپلىمى» (خەنزۇچە). بۇ قۇمۇلدا ئۆتكەن ھەرقايسى ۋاڭلار ھەققىدىكى بىرىنچى قول ماتېرىيال بولۇپ، قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ خەلق ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىش ۋاستىلىرى، ئۇلارنىڭ نەسەبنامىلىرى، ۋاڭ ئوردىسىنىڭ تەشكىلىي ئەھۋالى قاتارلىقلار تەپسىلىي بايان قىلىنغان. بۇ ــ مۇھىم تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە ھۆججەت. بۇنى ۋاڭ شۇلى، ماپېڭيەن، لى جيەن قاتارلىق يولداشلار رەتلەپ چىققان.

18) «تەۋلىيە ـ ۋەسىقىلەر». ئەسلى كونا ئۇيغۇرچە (چاغاتاي يېزىقىدا)، پارسچە، ئەرەبچە يېزىلغان بولۇپ، يولداش ئەھمەت زىيائى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئايلاندۇرۇپ ۋە تەرجىمە قىلىپ چىققان. كېيىن يولداش ماجۇنمىن، مامىڭلىيەن، جاۋگودۇڭ، جاڭ خۇڭچاۋلار خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان. بۇ «تەۋلىيە ـ ۋەسىقىلەر» مۇھىم تارىخىي ھۆججەت بولۇپ، 17 ــ 18 ـ ئەسىرلەردە شىنجاڭدىكى فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئىسلام دىنىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ، ئۇيغۇر قاتارلىق ئازسانلىق مىللەت خەلقىنى ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە قاقتى ـ سوقتى قىلغانلىقىنىڭ پولاتتەك دەلىلى ھېسابلىنىدۇ. مۇھىم تارىخىي قىممەتكە ئىگە بۇ ماتېرىياللارنى ھازىر يولداش

ۋاڭ شۇلى رەتلەپ چىقتى.

يۇقىرىقى ماتېرىياللارنىڭ تەرجىمە ۋە نەشر قىلىنىشى ئىسلام دىنى توغرىسىدىكى تەتقىقات خىزمىتىنى قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئىسلام دىنى توغرىسىدىكى تەتقىقات شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. تارىختا شىنجاڭ ھەرخىل دىنلار مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ۋە ئۆز ئارا ئالماشقان رايون. بۇ يەردە دىنغا ئائىت خارابىلەرنىڭ ئىزلىرى، مەشھۇر مەسچىت-جامەلەر، ئىبادەتخانىلار، مازارلار ۋە مىڭئۆيلەر ئىنتايىن كۆپ. خەلق ئارىسىدا ساقلىنىۋاتقان ھەرخىل تىلدىكى كىتاب-ماتېرىياللارمۇ ئاز ئەمەس. بۇ ماتېرىياللاردىن پەن تەتقىقاتى ئىشلىرىدا پايدىلىنىشىمىز لازىم. بۇ ماتېرىياللار بىزنىڭ قېزىپ توپلىشىمىز، تەرجىمە قىلىشىمىز ۋە رەتلەپ چىقىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا. بۇ ــ زادى كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغان ۋەزىپە. بىز قېتىرقىنىپ ئىزدەنسەكلا، بۇ ماتېرىياللارنى ئۆزىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرالايمىز، بۇ جەھەتتە چەتئەلنىڭ ماتېرىياللىرىغا قارىغۇلارچە ئېسىلىۋېلىشقا، خۇراپىيلارچە ئىشىنىپ كېتىشكە بولمايدۇ. بىزمۇ ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، ئۆز يولىمىزدا مېڭىشىمىز، تەتقىقات ئىشلىرىدا ئىمكان قەدەر ئالدى بىلەن يەرلىك مىللەتلەرنىڭ تىل ۋە يېزىقلىرىدىكى ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئىسلام دىنى تەتقىقاتىدىكى ماتېرىيال كەمچىللىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ كەتكىلى بولىدۇ.

---

## بېيىش يولىدا نەمۇنىلىك رول ئوينىغان دىنىي زات مۇھەممەت قارى ھاجىم

ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسى چاغراق يېزىسىنىڭ قارا دۆۋە كەنتىدىكى مۇھەممەت قارى ھاجىم پارتىيىنىڭ ھالال ئەمگەك ئارقىلىق بېيىش چاقىرىقىغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، پائال تۈردە يېڭىلىقنى قوبۇل قىلىپ، پەن-تېخنىكىغا ھۆرمەت قىلىپ، ئالغا ئىلگىرىلەش ۋە شەخسىي بېيىش يولىدا زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى، يالغۇزلا ئۆزىنىڭ بېيىشى بىلەن قانائەتلىنىپ قالماستىن، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىنىمۇ نەزەردە تۇتتى. مۇھەممەت قارى ھاجىم 2000 يۈەندىن ئارتۇقراق مەبلەغ سېلىپ، بىر نەپەر مىللىي تېخنىكنىڭ ياردىمى بىلەن كىچىك تىپتىكى گېنېراتۇردىن بىرنى سېتىۋېلىپ، ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى ئېرىق سۈيىدىن پايدىلىنىپ، ئاددىي

بىر ئېغىزلىق تۆگمەن تۈۋىنىڭ ئىچىگە سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇش ئارقىلىق، ئۆز كەنتىدىكى 48 ئائىلىنى بىر يىلنىڭ مابەينىدە ھەقسىز توك بىلەن تەمىنلىگەنلىكتىن خەلق ئاممىسىنىڭ قالتىس ماختىشىغا ئېرىشتى. كۆپچىلىك: گەرچە ئازاد بولغىلى 30 نەچچە يىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن زامان-زامانلاردىن بېرى داۋام قىلىپ كەلگەن قارا چىراغدىن قۇتۇلالماي، مەدەنىيەتسىزلىك، بىلىمسىزلىكنىڭ دەردىنى يېتىپ ئاشقىچە تارتقاندۇق. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى سىياسەتنىڭ نۇرىدا، ھازىرقىدەك بەخت-سائادەتكە، پاراۋان تۇرمۇشقا ئىگە بولدۇق، بۇنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمىز، پەن-تېخنىكىنىڭ مۇھىملىقىنى ئەمەلىيەت ئارقىلىق چۈشەندۇق، دېيىشىپ، پارتىيىگە، پارتىيىنىڭ يېڭى سىياسىتىگە، مۇھەممەت قارى ھاجىمغا چەكسىز ئاپىرىن ئوقۇپ، چىن قەلبىدىن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشتى. "دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ، دىنىي زاتلار ئىجادىيەت خاراكتېرلىك پەن-تېخنىكا بىلەن شۇغۇللىنالمايدۇ" دەيدىغان تەسكىرىي كۆزقاراشنىڭ ئاساسسىز ئىكەنلىكىنى ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇھەممەت قارى ھاجىم بۇ يىل 1-ئايدا 2 مىڭ 600 يۈەن مەبلەغ سېلىپ، بىر شال ئاقلاش ماشىنىسى بىلەن بىر ياغ تارتىش ماشىنىسى سېتىۋېلىپ، كىچىك بىر زاۋۇت قۇردى، بۇ ماشىنىلار ئىشقا كىرىشكەندىن كېيىن، ئۇ تېخىمۇ ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ۋە مەدھىيىلىشىگە سازاۋەر بولدى، بۇ زاۋۇت بىر تەرەپتىن شال ئاقلايدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن زىغىر-قىچىدىن ياغ چىقىرىدۇ. بۇ ماشىنىلار ھازىرچە سەلەركە بىلەن ماگدۇرۇلغان بولسىمۇ، كېيىنچە توك بىلەن ماگدۇرۇلماقچى. بۇ كىچىك زاۋۇت ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كۈنىگە 100 كىلو ياغ چىقىرالايدۇ. 1000 كىلو شال ئاقلىيالايدۇ، چىقىمنى چىقىرىۋەتكەندە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئېيىغا 1000 يۈەن كىرىم بولىدۇ. دىنىي زات مۇھەممەت قارى ھاجىم يېزا ئىگىلىك بىلەن سانائەتنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇغانلىقى، يالغۇز يېزا ئىگىلىكىگە تايىنىپلا تېز باي بولۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئىدىيە جەھەتتىن تونۇپ يەتكەنلىكى ئۈچۈن، تۈرلۈك چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەن، باي بولۇشتا ئۈلگە ياراتتى ۋە ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق دېھقانلارغا زور دەرىجىدە ئىلھام بەردى.

1987-يىللىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا 2-دەرىجىلىك 25 مو يەردىكى بۇغدايدىن 20 مىڭ 100 جىڭ ھوسۇل ئېلىپ، دۆلەتكە 15 مىڭ جىڭ بۇغداي سېتىپ بەردى، بۇنىڭ بىلەن كەنت بويىچە ئاشلىق سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسى ئاشۇرۇپ ئورۇنلاندى. ئۆتكەن يىلى كۈزدە ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە ئېچىلغان دىنىي خىزمەت كادىرلىرى جۈملىدىن بىرلىك سەپ كادىرلىرى يىغىنىغا قاتناشقان 50 دىن ئارتۇق ھەر دەرىجىلىك كادىرلار مۇھەممەت قارى ھاجىمنىڭ نەمۇنىلىك ياخشى ئىشلىرىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىپ كۆپ ئىلھام ۋە تەربىيە ئالدى.

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سىياسىي مەكتەپتىن ئابدۇللا تۇرسۇن. 1988-يىل 4-ئاي.

# نامراتلار قەلبىنى خۇشاللىققا چۆمدۈرگەن ئىش

1988 - يىل 28 - ئاپرېل كۈنى چۈشلۈك ئارام ئېلىش ۋاقتى ئىدى. ئاقسۇ شەھىرىگە قاراشلىق قىزىل كۆۋرۈك ئىش باشقارمىسىنىڭ ھويلىسى باققۇچىسى يوق، نامرات، ئاجىز، قېرى - چۆرى، يېتىم - يېسىرلار بىلەن تولغان بولۇپ، ئۇلار ئىنسانپەرۋەرلىك روھىغا باي، بېيىغاندا نامراتلارنى ئۇنتۇمىغان بىر نەچچە ۋەتەنپەرۋەر سودا - سانائەتچىنىڭ خالىس مېھرى - شەپقىتىدىن بەھرىمەن بولۇش ئالدىدا تۇراتتى. شۇ چاغدا سىرتتىن كىرىپ كەلگەن 60 ياشلاردىكى خۇش چىراي بىر كىشى ئەتراپ- تىكىلەرگە تەكشى قاراپ چىققاندىن كېيىن، جاراڭلىق ئاۋازدا مۇنداق دېدى:

— قېرىنداشلار ئېيتىڭلارچۇ، كىمنىڭمۇ مۇشۇلاردەك نامرات ئۆتكۈسى، كىمنىڭمۇ ئاچ - يېلىڭ قالغۇسى بار؟ ئەمما تەقدىر ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن بۇلارنى ئاتا - ئانىسىدىن ۋە يۆلەنچۈكىدىن ئايرىپ، تۇرمۇشتا چارىسىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان... — ئۇ كۆز چاناقلىرىدا سىماپتەك يالتىراپ تۇرغان ياش تامچىلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى،

— مانا بۇ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ پارتىيە ۋە خەلقتىن باشقا يۆلەنچۈكى يوق. مەن بۇلارنىڭ ئاچ - يېلىڭ يۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، خەيرى - ساخاۋەت قىلماي، ئۇلارغا يار - يۆ- لەكتە بولماي، بېيىغاندا باشقىلارنى ئۇنتۇپ قېلىپ، باللىرىمنىڭلا غېمىنى يېسەم، ئىنسانچە- لىق ئەخلاقىي پەزىلىتىگە دۇرۇس ئىش بولماس، ياراتقان ئۇلۇغ ئىلاھىممۇ راۋا كۆر- مەس، ياخشى كۈنلەر كېلىۋاتىدۇ، پارتىيىنىڭ سىياسىتى مۇشۇنداق ئادىل بولىدىغانلا بولسا، خەلقنىڭ بۇندىن كېيىنكى كۈنلىرى تېخىمۇ ياخشى بولۇپ كېتىدۇ. شۇڭا مەن ھازىر بالى- لىرىمنىڭلا ئەمەس، بۇ قېرىنداشلىرىمنىڭمۇ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، ئاتىغىنىمنى بېرىپ تۇرۇشنى ئەڭ زۆرۈر ئىش دەپ ھېسابلايمەن.

ئۆزىنىڭ يۇقىرىقىدەك يۈرەك سۆزلىرى بىلەن سانسىزلىغان يۈرەكلەرنى ھاياجانغا سالغان بۇ كىشى قىزىل كۆۋرۈك ئىش باشقارمىسىدىكى ياسىن ھاجىم ئىدى. مۇشۇ ئىش باشقارمىسىدا ئولتۇرۇشلۇق ئالدىن بېيىغان ئائىلىلەردىن قادىر ھاجىم بىلەن ئېزىز ئىبراھىملارمۇ ياسىن ھاجىمنىڭ سەممىي سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ھەرى- كىتىنى كۆرۈپ دەرھال سىرتقا چىقىپ كەتتى. بىز ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن سىرتقا چىقىپ كەت- كەنلىكىدىن ھەيران بولۇپ تۇرغىنىمىزدا، ھايال ئۆتمەيلا ئۇلار قايتىپ كېلىشتى - دە، باشقارما مەسئۇلىغا: "بىزنىڭ نامراتلارغا ئاتىغان نەرسىلىرىمىز تولىمۇ ئاز بولۇپ قاپتۇ، شۇڭا ئۆيگە بېرىپ كېمىنى تولۇقلاپ كەلدۇق" دەپ ئېلىپ كەلگەن نەق پۇللىرىنى باشلىققا سۇنۇشتى.

ئەسلىدە قادىر ھاجىم بىلەن ئېزىز ئىبرا- ھىملار ياسىن ھاجىمنىڭ بۈگۈنكى بۇ پائالىيە- تىدىن ۋاقتىدا خەۋەر تاپالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئالدىراشچىلىقتا بىر نەچچە توپتىن ئەن رەخت ۋە بىر نەچچە كىشىلىك كىيىم - كېچەكلا ئېلىپ كەلگەنىكەن. ئۇلار ياسىن ھاجىمنىڭ نامراتلارغا ئاتاپ ئېلىپ كەلگەن ھەر خىل ئەن رەخت، كىيىم - كېچەك، گىلەم ۋە نەق پۇللىرىنى


www.uyghurkitap.com

كۆرۈپ ھەمدە تەسىرلىك سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، دەرھال ئۆيلىرىگە قايتىپ بېرىشىپ، خېلى جىق نەق پۇل ئېلىپ كېلىشتى.

ياسىن ھاجىم پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكى بىلەن بېيىغان تىجارەتچى بولۇپ، ھەرەمگە بېرىپ ھەج قىلىپ كەلدى ھەمدە ئۇ بېيىغاندىن كېيىن ئۆزىگە بېيىشنىڭ داغدام يولىنى ئېچىپ بەرگەن كوممۇنىستىك پارتىيىنى ئۇنتۇپ قالمىدى. نامرات قېرىنداشلىرىنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىدى. ئۇ ئىلگىرىمۇ دىنىي ئېتىقادىنىڭ تۈرتكىسىدە مەسچىت قۇرۇلۇشى ھەم نامرات قېرىنداشلار ئۈچۈن نۇرغۇن پۇل-مال ياردەم قىلىپ، جامائەتنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولۇپ كەلگەنىدى. 1987-يىلى روزا ھېيت ھارپىسىدىكى خۇشاللىق كۈنلەردە ئۇ ئۆزى تۇرۇۋاتقان قىزىل كۆۋرۈك ئىش باشقارمىسى ۋە بۇنىڭغا خوشنا بولغان لەڭگەر ئىش باشقارمىسى تەۋەلىكىدىكى نامرات، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنىڭمۇ ھېيتنى خۇشال-خۇرام ئۆتكۈزۈۋېلىشى ئۈچۈن، 2000 نەچچە يۈەن قىممىتىدىكى ھەر خىل ماددىي بۇيۇملارنى ئۇلارغا تارقىتىپ بەرگەنىدى. 1988-يىلى رامىزان كىرىشى بىلەن ئۇ يەنە نامرات قېرىنداشلىرىنى ئەسكە ئېلىپ، ئۆزىنىڭ جىمىكى مال-مۈلكىنى ھېسابلاپ، "زاكات"بېرىشكە تېگىشلىك قىسمىنى ئايرىپ تەقلەپ قويغانىدى. ئۇ بۈگۈن چۈشتىن كېيىن يېرىم كۈن ئىچىدىلا قىزىل كۆۋرۈك ئىش باشقارمىسى، لەڭگەر ئىش باشقارمىسى تەۋەسىدىكى "بەشتە كاپالەتلىك ئائىلە" ۋە نامرات، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەردىن بولۇپ جەمئىي 353 ئائىلىگە نەق پۇل، تۆت پارچە گىلەم، ھەر خىل كىيىم-كېچەك، رەخت بولۇپ جەمئىي 4770 يۈەن قىممىتىدىكى نەرسىلەرنى ياردەم قىلدى. ياسىن ھاجىمنىڭ يېتىم-يېسىرلارغا سىلى-رەھىم قىلىدىغان ئېسىل پەزىلىتىدىن تەسىرلەنگەن قادىر ھاجىم، ئېزىز ئىبراھىملارمۇ نەق مەيداندىلا ئۆزلىرىنىڭ ئاتىغانلىرىنى نامراتلارغا تارقىتىپ بەردى. شۇ كۈنى قادىر ھاجىم نامراتلارغا ياردەم قىلغان نەرسىلەرنىڭ قىممىتى 630 يۈەنگە، ئېزىز ئىبراھىم ياردەم قىلغان نەرسىلەرنىڭ قىممىتى 995 يۈەنگە يەتتى. بۇ ئۈچ نەپەر ۋەتەنپەرۋەر سودا-سانائەتچىنىڭ بۇ ئىشلىرىدىن تەسىرلەنگەن كىشىلەر بىردەك كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا: "مانا بۇلار بۈگۈن مەككىگە بېرىپ ھەج قىلغاندىنمۇ ئۇلۇغ ۋە چوڭ ساۋاپلىق ئىشلارنى قىلدى. بىز ئۇلارنىڭ بۇنداق تەسىرلىك ئىشلىرىنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمىز..." دېيىشتى.


ياسىن ھاجىم نەق مەيداندىكى جامائەت ھەم ئىش باشقارما مەسئۇللىرىنىڭ ئالدىدا بۇنىڭدىن كېيىن دائىم مەكتەپ ۋە باللار باغچىسىغا ياردەم قولىنى سۇنۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ھەممىنى بىردەك يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ھاياجانغا سالدى. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ چاۋاك ساداسى يىراق-يىراقلارغا كەتتى.

"ئاقسۇ گېزىتى"مۇخبىرلىرى ئابدۇرەھىم زاھىدى، ئەركىن پالتا. 1988-يىل 6-ماي.




1. ما جۇڭيۇڭ يازغان خەت

ئەرەبچە خەتتاتلىق



2. دۇڭ شۇشى يازغان خەت



3. ما جىنپۇ ۋە فېڭ زىيۇەن
يازغان خەت

www.uyghurkitap.com

中国穆斯林（维吾尔文版）1988年第3期（总32期）

出版：中国穆斯林编辑部
地址：北京宣武区南横西街103号

印刷：民族印刷厂
制版：北京市制版厂

订购发行：北京伊斯兰教经书流通处
地址：北京宣武区南横西街103号

国内统一刊号：CN 11—1346 •公开发行• 每册定价 0.50元

جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى 1988 ـ يىل 3 ـ سان

نەشر قىلغۇچى: جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى تەھرىر بۆلۈمى
(بېيجىڭ شۈەنۋۇ رايونى غەربىي نەنخېڭجېي كوچىسى 103 ـ قورا)

باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى

تارقاتقۇچى ۋە مۇشتىرى قوبۇل قىلغۇچى: بېيجىڭ ئىسلام كىتابلىرىنى سېتىش ئورنى
(بېيجىڭ شۈەنۋۇ رايونى غەربىي نەنخېڭجېي كوچىسى 103 ـ قورا)